# هاراملىق

## (پوۋېست)

### ئايشەم ئىسمايىل تەبەسسۇم

ـ ھۇ بېشىڭنى يەيدىغان مەرەزلەر! تاخ دېدىم جوھۇتلار!...زۇۋانى تويمايدىغان ئۆلمىگۈرلەرنى قارا، ھاماچاڭنىڭ ئايۋىنىغا كىرگەندەك بىزەپ قىلىشىسىنا سەيلەرنى ھۇ بالا تەگكۈرلەر...

ئاۋۇ ئاغزىنى بولۇشىغا بۇزۇپ ئەسكى تىراكتۇردەك تاراڭشىۋاتقان، ھەر قەدىمدە بېشىغا تاشلىۋالغان ياغلىقىنىڭ ئىككى ئۇچى ھاۋادا لەيلەپ، ئۆزى يەلكەنلىك كېمىدەك لەپەڭشىپ كېتىپ بارغان ئايال مېنىڭ ئايالىم. ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزگەن ئوتتۇز يىللىق ھاياتىم مېنىڭ ئەڭ بەختلىك

چاغلىرىم. سەللا بىشەملىكى بار، لېكىن بەكلا كۆيۈمچان. باشقىلار بەلكىم ئۆزىنىڭ پۇلى، مال ـ دۇنياسى، يەرلىرىنىڭ كۆپلىكى، ئۆي ـ ۋاقىنىڭ كاتتىلىقى، ئەملىنىڭ چوڭلۇقى بىلەن پەخىرلىنىدىغاندۇ. بىراق مەن بەختلىك بىر ئائىلەمنىڭ، تۆت بالامنىڭ بارلىقى، مۇشۇنداق جاۋىلداپ تۇرسىمۇ كۆڭلىنىڭ ئاچقان يەرلىرىگە بارىدىغان، لازىم بولسا جاننىمۇ ئاياشتىن يانمايدىغان ئايالىم بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىمەن. باشقىلاردەك بەك پۇلدارمۇ ئەمەسمەن، ئەمما پۇل خەجلەپمۇ ئالغىلى بولمايدىغان نۇرغۇن نەرسىلەرگە مەن پۇل خەجلىمەي تۇرۇپمۇ ئېرىشكەن. قانداق دەمسىز؟ ئالدىرىماڭ، بىلىشنى خالىسىڭىز تولۇقى بىلەن سۆزلەپ بېرەي، ھەممىنى

چۈشىنىپ قالىسىز. ۋاقتى كەلگەندە ھاياتىڭىزدا مەندەك ياشاپ باقمىغىنىڭىز ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپ قالامسىز تېخى!؟

بۇلارنى سۆزلىسەم تولىمۇ يىراق ئۆتمۈشتىن، يەنى بوۋام ـ موماملارنىڭ ھاياتىدىن

باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداقتىمۇ مەن سۆزلەپ هارماي، سىزمۇ قىزىققان گۇناھىڭىز ئۈچۈن ئاڭلاپ هارماڭ. ئىشقىلىپ يېتەرلىك ۋاقتىم بار.

* * * * *

ئانام خانىنساخان چېچىنى ئۇششاق ئۆرۈپ، كۆتۈرەلمىسىمۇ كەتمەننى سۆرەپ يۈرۈپ چاپقۇدەك بولغان زامانلاردا بوۋام - موماملار سەھەر تۇرۇپ، كەچ يېتىپ كوپېراتسىيەگە جان پىدا قىلىپ، هەر كۈنى بەش نومۇر ئۈچۈن ئىشلەپ يۈرەتتىكەن. ئۇ زامانلار قۇرساققا تاپسا ئۇچىسىغا يوق، ئاكىسىغا تاپسا ئۇكىسىغا يوق، قىسىلچىلىق چاغلار بولغاچقا هەممىنىڭ كۈنى ئاچ زارلىقتا ئۆتىدىكەن. رەھمەتلىك دادام قاسىماخۇن شۇ چاغدا بالاغەت يېشىدا بولۇپ، بوۋام - موماملارغا قىيپاش خوشىنا كېلىدىكەن. ئۇ

ئانامغا كۆيۈپ قالغان بولۇپ، ئۇخلىسىمۇ «خاننىسا» دەپ چۆشەيدىكەن. ئەمما دادام تىكەندەك يالغۇز يېتىم بالا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئېگە بولۇپ بېشىنى سىلايدىغان، ئاددىيسى «دەردىڭ بارمۇ؟» دەپ سورايدىغان بىرمۇ ئادىمى يوق ئىكەن. ئەمدى ئۇ زامانلارغۇ بىركىم-بىركىمنىڭ هالىغا يېتەلمەيدىغان، يېتەي دېسىمۇ هېلى قولى، هېلى بويى، هېلى خۇيى كالتە كېلىپ قېلىپ سىيىپ كىرىپ ئۇخلاپ قالىدىغان ئىشكەن. شۇڭا دادامۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئانامغا گەپ تاشلاشقا پۇرسەت كۈتۈپ يۈرۈپتۇ. بىراق، كوپىراتسىيەنىڭ خالىس خىزمەتكارلىرىغا ئايلىنىپ قالغان دادام قورسىقىنى ئۆلەر-ئۆلمەس بېقىپ يۈرگىنىگە خۇش بولسا بولىدىكەن. چۈنكى، قورساقنى باقسا ئۇچىسى ئىللىغۇدەك كىيىمى يوق، ئۇچىسىغا چىقسا باش تىققۇدەك تۈزۈكرەك ئۆيى يوقكەن. دادىسىدىن مىراس قالغان بىر ئېغىزلىق كونا سوقما تاملىق ئۆي بىلەن

قاراپ قويسىلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغان ھالغا كېلىپ قالغان بىر ئەگۈن ئىشىك دادامنىڭ ئەڭ چوڭ مۈلكى ئىكەن. ئۇ چاغلاردا ئانامۇ كىچىك بولۇپ، بىرەرسىنىڭ مۇھەببەت ئىزھارىنى چۈشەنگۈدەك ياشتا ئەمەس ئىكەنتۇق.

كوپىراتسىيە سەل ئىنسابىغا كېلىپ، يەرلەرنى پۇخرالارغا بۆلۈپ، ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىشقا بۇيرۇپ بېرىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاۋامنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىشقا باشلاپتۇ. تىرىشقانلارنىڭ قازىنى گۆش، توخوسىنىڭ يېنى تۆش كۆرگەن شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئانامغا ئەلچى كېلىپتۇ. ھال-ئوقىتى يامان ئەمەس بىر ئائىلىنىڭ ئەتىۋارلىق كەنجى بەگزادىسىنىڭ ئانامغا لايىق چىققانلىقىنى ئاڭلىغان دادام جايىدا ئولتۇرالماي قاپتۇ. لېكىن قانچە تىرىشىپ باقسىمۇ تۆشۈك يانچۇقىدا تەڭگە ئورناشماي، تەرلەپ-پىشىپ ئىشلىگىنىگە ياردىشا چاپىنى تىزىدىن ئاشماي «ئاتام ئېيتقان بايىقى» ھالىتى بويىچە قېلىۋېرىپتۇ. ئەمما كۆيۈك

دەۋاسى ‹‹يانچۇق بوش›› دېگەن گەپكە ئۇنىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دادام تەۋەككۇل دەرياسىغا كىرمە سېلىپ، ئۆز ھالىغا باقماي قولىنى بۇرنىغا تىقىپلا ئانامىلارنىڭ ئۆيىگە ئۆزىگە ئۆزى ئەلچى بولۇپ كىرىپتۇ.

بوۋام-موماملار دادامنىڭ مەقسىتىنى ئۇققاندىن كېيىن، چىرايلىرى تاتىرىپ كېتىپتۇ ۋە ئەنسىرەك-قويلىرىغا بىردىشكە كۆزى قىيمىغان يۇندىسىنى ئۇستۇۋىشىغا چېچىپ يولىغا سېلىپ قويۇپتۇ. دادام بۇ ئەلەمگە چىدىماي ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ ھەمدە لىۋى چىشلەپ تۇرۇپ ‹‹خەپ›› دەپتۇ، ئەمما بۇ ‹‹خەپ›› بىلەن ئانامنى ئالالمايدىكەن. دادام يەنە غەيرەتكە كېلىپ، ئانامغا ئۆيلىنىش خىيالى بارلىقىنى كەنت باشلىقى، سېكرىتار، ئاياللار مۇدىرى دېگەندەك كەنتە رەھبەرلىرىگە ئېيتىپ، ئۆزىگە ياردەم قىلىشىنى ئۆتۈنگەن بولسىمۇ، ئۇلار دادامنىڭ ۋەيرانە ئەپتىگە، ئەسكى كەپىسىگە قاراپ، بېشىنى چايقاپ قويۇپ دولىسىنى ئىچىگە تىقىۋاپتۇ. ئۇ خىيال، بۇ ئارمانلار بىلەن يۇرۇپ ئاربىدىن

بىر يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئانامنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئەينى چاغدا «قىزىمىز تېخى كىچىك، بىر ئاز ۋاقىت ئۆتسۇن، كىچىك بالىنى تويلاپ قويغان بىلەن بولمايدۇ» دەپ كەنجى بەگزادىنىڭ ئەلچىلىرىگە كېلەر يىلى توي قىلىش شەرتى بىلەن «ماقۇل» جاۋابىنى بەرگەن ئىكەن. دادام ئانامنىڭ باشقا بىرىگە مەنسۇپ بولۇپ كېتىشىگە چىدىماي تىپىرلاپ قاپتۇ. نەچچە كۈن ئويلىنىپ پىلان تۈزۈش ئارقىلىق، بوۋام ـ موماملارنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ، ئانام خانىنساخانىنى ئۆزىگە چېتىپ قويۇشقا كۆندۈرۈشكە ئامال تېپىپتۇ. بىراق، بۇ بىر قاملاشمىغان چارىكەن. مەيلى قاملاشسۇن، قاملاشمىسۇن «زادى ئالىمەن» دەپ نىيەت قىلغان دادام ئاخىرى شۇ بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئۇسۇپ بېرىپلا بوۋامغا:

ـ خانىنساخانىنى ماڭا بەرسىڭىز، ـ دېگەن گەپ.

ـ ھەي، سەن يالاڭتۆشنىڭ قايسى بىر ۋەج ـ خىراجىتىڭ بارلىقىغا بېرىمەن قىزىمنى؟، ـ

دەپتۇ بوۋام كۆمۈردەك قارىداپ، پوكاىنداك ئىسسىلىپ تۇرۇپ، ـ يا ئاتا ـ ئاناڭ، ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىڭ بولمىسىا، يا قول ـ ئىلكىڭدە بارنىڭ تايىنى بولمىسا، سەن مۇشۇ ھالىڭغا خوتۇن ئالىمەن دەمسەن تېخى؟ تولا نومۇسىۇمنى كەلتۈرمەي بېرىپ ئۇمچىڭنى ئىچكىنە ماڭ!

ـ ھېلىمۇ شىۇ، ئۇماچ ئېتىپ بېرىدىغانغا خانىسىاخاننى ئالاي دەيمەن دادىكا. ماقۇل دەپ بېشىمنى بىر سىلاپ قويسىلا، سىلىدىن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا رازى بوپ كېتەتتىم جېنىم دادىكا.

ـ سەن رازى بولماي قالساڭ ئۆلسەم دوزىخى بوپ كېتەرمىدىم ھە قارىم بالام؟ ـ دېگىنىچە دادامغا دېۋەيلەپتۇ بوۋام، ـ سا ڭا دەپ قوياي كۆك پوتلا، خانىسىاخاننى سەندەك تىجىمەل يىرتىق ئىشتانغا ھەرگىز بەرمەيمەن. ئۇنىڭ لايىقى بار، سادىراخۇنىنىڭ كەنجى ئوغلى مىجىت ئاخۇن قىزىمغا ئەلچى قويدى. سەن تولا ماڭا قاش ئاتماي ھالىڭغا بېقىپ ھال تارت!

بوۋام شۇنداق دېگىنىچە غادايغىنىچە كېتىپ قاپتۇ. يەنە بىر قېتىم «خەپ» دەپتۇ. دادام ئاخىرقى پىلاننى ئىشقا سالمىسا بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ. ئاندىن بوۋامنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ قارىماي كېتىۋەرگىنىگە ئۇنىماي ئالدىنى توسۇۋاپتۇ:

ـ ماۋا قارىسىلا دادىكا، سىلى بەرمەيمەن دېگەن بىلەن بىز ئاللىقاچان ئىشنى ئوخشۇتۇپ بولغان. خانىنساخاننى ماۋا بەرمىسىلىرى مەيلى، لېكىن نەچچە ئايدىن كېيىن ئۆيلىرىدە تۇغۇپ بېرىدۇ. شۇ چاغ بولغاندا مېنىڭ ئۆيلىرىگە بارغۇدەك ۋاقتىم يوق. ئۆزلىرى ئانا ـ بالا ئىككىسىنى ئۆيۈمگە ئۆزلىرى ئاپىرىپ قويارلا!

دادام شۇنداق دەپ قويۇپ ئالدى ـ كەينىگە قارىماي كېتىپ قاپتۇ. دادامنىڭ گەپلىرىنى ئاڭقىرالماي ھاڭقىيىپ قالغان بوۋام تاكى ئۇنىڭ قارىسى يىتكۈچە دادامنىڭ گېپىنى چايناپ بىقىپ مىڭ تەستە چۈشىنىپتۇ ئاندىن يۈز ـ كۆزلىرىگە توپا

چىچىپ، ئاللا ـ كاللا دەپ توۋلىغىنىچە ئۆيگە يۈگۈرۈپتۇ.

ئۆيگە كېلىپ موماملىنى قازناق ئۆيگە سولاپ دادامنىڭ ئېيتقانلىرىنى موماملىغا بىرمۇ ـ بىر يەتكۈزۈپتۇ ۋە ئانامنى سوراق قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. مو مامۇ ئۆزىنى نەچچە كاچات ئۇرۇپ ھۇ تارتىپ يىغلىغاندىن كېيىن، ئانامنىڭ ئۇششاق ئۆرۈلگەن چاچلىرىدىن سۆرىگەن پېتى قازناق ئۆيگە سولاپتۇ ۋە تامغا نىقتاپ تۇرۇپ سوراق قىپتۇ. ئانام باشتا موماملىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنمەپتۇ. كېيىن موماملىنىڭ بېسىم ئىشلىتىشۋېردىشى ھەمدە ئوچۇقتىن ـ ئاشكارا سورىشى بىلەن «ياق، ئۇنداق ئىش يوق» دەپلا جاۋاپ بېرىپ يىغلاپ تۇرىۋاپتۇ. بوۋام بىلەن موماملىم قانچە قىلىپمۇ ئانامنى ئىقرار قىلدۇرالماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار «بۇ يوق ئىش ئوخشايدۇ، قاسىم دېگەن دەيۈز تاز قىزنى بەرمىدى، دەپ بىزگە ئۆچمەنلىك ساقلاپ، شۇ ئاچچىقنى چىقارغىلى يالغان گەپ قىلغان ئوخشايدۇ»

دەپ ئويلاپ يۈرۈپتۇ. كىم بىلسۇن؟ كوچا - كويلاردا «قاسىم بىلەن مەمتاخۇننىڭ قىزى خاننىساخان ھېلىقىدەكمىش، قىلمىدىغاننى قىلىپ بولۇپ ئېغىر ئاياق بوپ قالغاندا ئاندىن ئۆيىدىكىلەرگە دەپتۇدەك»، «مەمتاخۇنلار قىزىنى قاسىمغا بەرمىسە ئەمدى يۈزىنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمىگۈدەك، ئەھۋال بۇ تۇرسا سادىراخۇنلار شەمشىدىنگە ئېپ بېرەرمۇ خاننىساخاننى؟» دېگەندەك گەپ - سۆزلەر تارقىلىپ كېتىپتۇ. «چىراق تۈۋى قاراڭغۇ» دېگەندەك، بوۋام - موماملار بۇ گەپلەردىن كېچىكىپ خەۋەر تېپىپتۇ. ئۇلار بۇ گەپلەرنىڭ ئىس - بۇسىنى بىلگەندە ئاللىقاچان پۈتۈن

مەھەللىگە پۇر كەتكەن ئىكەن. قانداقلا قىلغان بىلەنمۇ يۇرتتىكىلەرنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىيالماپتۇ. ئانام بىچارە ئۆيدىن تالاغا چىقماي يىغلاپلا ئولتۇرۇپتۇ. مومامنىڭ «قىز باققان گۇناھىم بار، ۋاي ئۆلەي، نېمە ئاھانەت بۇ؟ مۇشۇ كۈنلەرگە قالغۇچە ئۆلۈپلا كەتسەمچۇ؟» دېگەندەك تاپا -

تەنە، قاتتىق گەپلىرىگە چىدىماي يۈشۈرۈنچە قېچىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. بوۋام - موماملار ئىزدە - ئىزدە ئانامنى ھېچيەردىن تاپالماپتۇ. ئۈچ كۈن بولغاندا ناتونۇشلا بىر ئايال ‹‹كېچىدە ئىشىك چەكتى، سورىسام ئۆيدىن يامانلاپ چىقتىم، ئانام - دادام بەك تىللىۋەتتى، ئۇ ئۆيدە تۇرغۇچىلىكىم قالمىدى، سىزگە بالا بولاي، دەيدۇ، ئۇ كۈنى چىرايلىقچە يېتىپ قالدۇق. ئەتىسى ئاپىرىپ قوياي دېسەم يىغلاپ ئۇنىمىدى. بۈگۈن ئاران تەستە قايىل قىلىپ ئېلىپ كېلىشىم. بالا قىلىۋالسامۇ ئۆزلىرى ماقۇل بولسىلا ئاندىن قىلارمەن، يەنە كېلىپ ئۆيدىكى ئالتە جاننى باقالماي تۇرغاندا يەنە بىر جان ئارتۇق كەلگۈدەك. شۇڭا يانلىرىغا ئەكەلدىم›› دەپ ئانامنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ئۆيگە ئەكىلىپ قويۇپ كېتىپتۇ. ئانام يوقاپ كەتكەندە چوڭلار پۈتۈن مەھەللىنى قېزىپ ئىزدەشتۈرگەن بولغاچقا ‹‹خانىنىساخان ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ،

قاسىم ئېلىپ قاچقان ئوخشايدۇ›› دەپ گەپ تارقىلىپ كەتكەن ئىكەن. ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، سۆز-چۆچەكلەرنى كۆتۈرەلمەي ئاران تۇرغان بوۋام- موماملار بۇ گەپلەر بىلەن تۈگىشىپلا كېتىپتۇ. ئەسلىدە دادام ئىچى يامانلىق قىلىپ، شۇنداق گەپ-سۆزلەرنى تارقىتىپ، ئانامغا كەلگەن ئەلچىلەرنى قايتۇرغۇزىۋەتمەكچى ئىكەنتۇق. ئويلىمىغان يەردىن گەپلەر ئاۋۇ، ئوت ئۈستىگە ماي چېچىپ قويۇپتۇ. شۇ ئىشلار بولۇپ ئۆتۈش جەريانىدا ئىككى ئاي ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شەمشىدىننىڭ ئەلچىلىرىمۇ توي ئىشىنى قايتۇرىۋېتىپ بىر مۇنچە سېسىق گەپ قىلىپ كېتىپ قاپتۇ. بوۋام-موماملارغا سۈركىلىپ كۆيئوغۇللۇق تاماسىدا يۈرگەن، پۈرىتىپ قۇدىلىق خىيالىدا بولغانلارمۇ شۇنىڭ بىلەن جىمىدىلا بېسىقىپ قاپتۇ. گەرچە ئانامنىڭ قۇر سىقى تومپىيىپ چىقمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچ ئىش بولمىغىنىغا، دادام

بىلەن ئانامنىڭ پاكلىقىغا ھېچكىم ئىشەنمەپتۇ. بوۋاملار ئانامنى ئاقلاپ، دادام بولسا يالغان گەپلەرنى مەھەللىگە پۈر قىلىپ يېيىپ يۈرگەچكە «ياخشى گەپ بوسۇغا ئاتلىغۇچە، يامان گەپ داۋان ئېشىپتۇ» دېگەن ھېكمەت بويىچە، ئانامغا ئىشەنمەي، دادامغا ئىشەنگەنلەر جىق چىقىپتۇ.

بىر كۈنى كېچىدە دادام ئەسكى ئۆيىدە يىرتىق يوتقىنىغا يۆگىنىپ ئۇخلاپ ياتسا، ئىشىك زەرب بىلەن ئېچىلىپتۇ. ئاندىن ئۆيگە تۆت - بەش يوغان گەۋدە بېسىپ كىرىپلا دادامنى قارا - قويۇق دەسسەپ، ئۇرۇپ كېتىپتۇ. راسا ئۇرۇپ ھارغاندا، ئارىدىن بىرى ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك قوپال ئاۋازى بىلەن:

- ئەلچى باشلاپ چىق، خانىنساخاننى ساڭا بېرىمىز!

دەپتۇ، ئاندىن گەپ - سۆز قىلماي گۈرسۈلدەپ دەسسەشكىنچە چىقىپ كېتىپتۇ. دادام ئاغرىغان يەرلىرىنى سىلاپ، ئاغرىمىغان

يەرلىرىنى ســــاناپ يېتىپ ھەپتىنى ئۆتكۈزۈپ ئا ندىن ئورنىدىن تۇرالىپتۇ. ئۇ تونۇش ـ بىلىشلىرى، مەھەللە ئەھلى ئىچىدىن شۇنچە ئويلۇشــۇپمۇ ئۆزىگە ئەلچى بولالىغۇدەك ھېچ بىرەرســـــنى تاپالماپتۇ. چۈنكى، دادامنىڭ ئاتا ـ ئانىســــى كىزىك كىســــلى بىلەن تۈگەپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار ئەســــلى ئۆز يۇرتىدىكى پومىشــــچىك بايلارنىڭ زۇلمىغا چىدىماي، بۇ يۇرتقا كېلىپ ئولتۇراقلىشــــىپ قالغانلاردىن ئىكەن. ئۇلار تۈگەپ كېتىپ، دادام ئون ئۈچ ياشتىلا يېتىم قاپتۇ. شۇڭا بىر تالمۇ تۇغقىنى يوق، خۇدايىمنىڭ تىكە ندەك يېتىم بەندىســى ئىكەن. كەنت رەھبەرلىرىنى ئىزدىسە، ئۇلار «ئىشلارنى ئۆزەڭلار بىلىپ قىلغــاچ تۇرۇپســــلەر، بىزنى بــاشــلاپ بارمىســــاڭلارمۇ بېرىپ يېتىلەپلا ئۆيۈڭلارغا ئــاپىرىۋېلىڭلار» دەپ مــازاق قىلــىپ، كۈلۈشــۈپ قويۇپتۇ. ھېچبىرســـىنىڭ كارى بولماپتۇ. ئامالسىز قالغان دادام ئاخىرى ئەڭ بېشىدا قىلغىنى بويىچە، دولىسىنى چىقىرىپلا

يەنە قولىنى بۇرنىغا تىقىپ ئەلچىلىككە ئۆزى بېرىپتۇ.

دادامنىڭ بۇ قېلىقى چوڭلارنىڭ قاتتىق ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپتۇ. لېكىن ھەممىنى پىشانىسىدىن كۆرۈپ، دادامغا مېھىر ھەققىگە يەتكۈدەك بىر نەرسە تېپىپ كەلسە ئانامنى نىكاھلاپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تويىغا رازىلىق بېرىپتۇ. ئۇ زامانلاردا قۇرساق تويغۇدەك بىرەر ۋاخ تاماققا چىقىش قىلالىسا شۇنىڭ ئۆزى كاتتا توي ئىكەندۇق. يەرلەرنى ئەزالارغا ھۆددىگە بەرگىلى تېخى ئۇزۇن بولمىغان چاغلار بولغاچقا ھەممىنىڭ قولى ئۆزۈك ئىكەن. بولۇپمۇ يالغۇز يېتىم دادامنىڭ قولى تېخىمۇ كالتىكەن. دادام ئاخىرى باشقىلارنىڭ ھاشار ئورنىغا بېرىپ ئىشلەپ بۇنىڭ ھىساۋىغا ئىش ھەققى ئېلىپ دېگەندەك، تۆت ئاي بولاي دېگەندە ئاران بىر كۆڭلەكلىك چىت، بىر غىجىم رومالغا چىقىش قىلىپ، ‹‹تاپقىنىم مۇشۇ›› دەپ بوۋامنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. زامانىنىڭ ئەھۋالى شۇ بولغاچقا بىرەركىم جىق تويلۇق ئېلىپ

كاتتا تويى قىلىش دېگەنلەر مۇمكىن ئەمەسكەن. بۇ نەرسىلەر ئانامنىڭ تويلۇقىغا يەتكەن بىلەن يۇرتقا ئاش تارتىشقا يەتمەيدىكەن. بىچارە بوۋام بۇنىمۇ ئىچىگە تىنىپ، مەھەللە چوڭلىرىنى چاقىرىپ بىر قازان ئۇماچ ئېتىپلا دادام بىلەن ئانامنىڭ نىكاھىنى قىلىپ قويۇپتۇ. چۈنكى دادام بىلەن ئانامنىڭ يامان ئاتىقى چىقىپ كەتكەن بولغاچقا ئانامغا كېلىدىغان ئەلچىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈپ، پۈتۈشكەن تويىمۇ يېنىپ كەتكەن، مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ئانام ئولتۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىكەن. ئەڭ يامىنى بوۋام - موماملار مىش - مىش گەپلەرنىڭ يەنە چىقىۋېرىشىگە چىدىماپتۇ.

تويدىن كېيىن بوۋام جان ئاچچىقىدا ئاغرىپ قېلىپ، ئىككى ھەپتىدە ئاران ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئەمما ئىلگىرى يالغۇز جېنىنى تەستە باققان دادام ئەمدىلىكتە ئىككى جاننى بېقىشتا قىينىلىپ، ھە دېسە بوۋاملارغا تايىنىۋاپتۇ. بارى - يوقى سەككىز پۈڭ يېرىنىمۇ ئوڭچە تېرىيالماي، چولىسى تەگسىلا

چوڭ ئۆيگە چىقىۋاپتۇ. بىراق، چوڭلارمۇ چىداشقا مەجبۇر ئىكەن. چۈنكى ئانام تۆت ئوغۇلنىڭ ئىچىدە بىر تاللا قىز ئىكەن.

دادام بىلەن ئانام توي قىلىپ بىر يىلدىن كېيىن مەن تۇغۇلۇپتىمەن. مەن تۇغۇلغاندا ئانام ئون ئالتە ياشتا، دادام ئون توققۇز ياشتا ئىكەن. گەرچە ئۇلارنىڭ توي قىلغىنىغا دەل بىر يىل بولغاندا تۇغۇلغان بولسامۇ مەھەللىدىكىلەر مېنى هارامدىن بولغان دەپ قارايدىكەن، ھەتتا ئاتا - ئانام يوق يەردە «ئۇلارنىڭ هارامىلىقى» دەپ ئاتايدىغان بولىۋاپتۇ. تېخى ئاتا - ئانام ئېتىزغا كەتكەندە ئۆيدىكى بۆشۈكتە يالغۇز قېلىپ، بىرەر - يېرىم دەپ يىغلاپ قالغۇدەك بولسامۇ «قاسىمنىڭ هارىمىسى يىغلاپ بوغۇلۇپ كېتىپتۇ، هارام بولۇپ قالمىسۇن ھېلى، خانىنساخاننى توۋلاپ قويۇڭلار» دېگەنلىكىنى دادام باشقىلاردىن ئاڭلىغان ئىكەن. مەندىن كېيىن تۇغۇلغان سىڭلىم پەزىلىيەخان ماڭا قارىغاندا تەلەيلىك، ئۇنىڭغا «هارامىلىق» دېگەن تامغا

بېسىلىپ باقمىدى. لېكىن ماڭا بېسىلغان بۇ تامغا دادامدىن مىراس قالغان بولۇپ، كېيىن دادامنىڭ دېيىشىچە، رەھمەتلىك ئانىسىنى ئۆيدىكىلىرى قازىغا دۇئا قىلدۇرماقچى بولغاندا، دادام ئۇنى ئېلىپ قېچىپ بۇ يۇرتقا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئىكەن. يۇرت ئەھلىنى چاقىرىپ ئاددىيغىنا توي ئۆتكۈزۈلگەن بولىسىمۇ، دادام تۇغۇلغاندا ھەممىسى ئۇنى هاراملىق بولغان دەپ بىلىپتۇ، خۇددى مەن تۇغۇلغاندا مېنى شۇنداق قاراشلار بىلەن كۈتىۋالغاندەك. دادامىمۇ كىچىك ۋاقتىدا ئىنتايىن كەمسۆز بولۇپ، سىپپى ئۆزىدىن ئالدىقاپ ئىكەن. مەھەللىدىكىلەرنىڭ قارىشىچە پەقەت دادامدەك هاراملىق بولغان باللارلا شۇ دەرىجىدە كەمسۆز كېلىدىكەن. ئۇنى دېمىسىمۇ دادامنىڭ تېرىغان ئىشلىرىنى دېگىلى تۇرسا، مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئۆمۈر بويى قاخششىغا يېتىدىكەن.

كېيىن ئانامنىڭ دەپ بېرىشىچە مەنمۇ دادامنى كېيىپلا چۈشۈپتىمەن. ئېسىمنى

بىلسەم ھەقىيقەتەن كەپسىز ئىدىم. ھېلى بىر كىمنىڭ ئوتلاشقا باغلاپ قويغان كالىسىنى يېشىپ، قۇيرۇق ئاستىغا تىكەن قىستۇرۇپ قويۇپ بېرىپ، چىچاڭشىپ يۈگرۈشلىرىگە قاراپ تاماشا كۆرىۋاتقان، ھېلى گەپلىشىپ ئولتۇرغان ئاياللارنىڭ ئۆرۈمە چېچىنى سەزدۈرمەي بىرىنىڭكىنى يەنە بىرىنىڭكىگە چىگىپ قويۇپ، يىقىلىپ ـ قوپۇپ قاخشاشلىرىغا كۈلۈپ، تېلىقىپ يۈرگەن، بىردە باغ تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ خوشنىلارنىڭ ئۆزى يېيىشكە قىيماي ساقلىغان مېۋىلىرىنى ئوغۇرلاۋاتقان، بىردە خەقنىڭ توخوسىنى تۇتۇپ ئاپىرىپ باشقا بىرسىنىڭ توخۇ كاتىكىگە سولاپ قويۇپ خەقنى جېدەلگە سېلىۋاتقان. ئىشقىلىپ ئىشلىرىم جىق ئىدى، يەنە كېلىپ ھېچنەرسىدىن قورقمايتتىم ھەم ھېچكىمدىن تەپتارتمايتتىم. مەھەللىدىكى مەن بىلەن بىللە ئوينايدىغان باللارنىڭ ھەممىسى شۇنداق كەپسىز بولۇپ، يۇۋاش باللاردىن بىرەرسى بىزگە قوشۇلۇپ قالدىمۇ، بولدى،

ئىككى كۈندە ساۋادىنى چىقىرىپ، ھۈنەرلىك قىلىپ قوياتتۇق. ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى بىزدىن قاخشايتتى ھەمدە باللىرىنى بىز بىلەن ئويناشتىن توسۇيتتى.

ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، مەھەللىمىزدە بەكرى ئىسىملىك بىر بالا بولىدىغان. ئۆزى بەكلا يۇۋاش بولۇپ، ئادەتتە ھېچكىمگە ئارىلا شماي ئۆزى يالغۇز ئوينايتتى. بىر قېتىم باللار بىلەن دۈشمەن - ساقچى ئويۇنى ئويناپ يۈرۈپ ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قاپتىمىز. ئۇ ئىشىك تۈۋىدە بويىنىنى قىسىپ بىزگە قاراپلا تۇردى ئەمما ئويۇنىمىزغا قوشۇلمىدى. مەن ئۇنى قىزىقتۇرۇپ سېپىمىزگە قوشۇۋالدىم. يۇۋاش بولغاچقا نېمە دىسەم ماقۇللا دەيتتى. بىر ئازدىن كېيىن ئويۇنىمىزنى ئۆزگەرتىپ، چالما ئوق ئويۇنى ئوينىدۇق ھەمدە چالما ئىزدەپ يۈرۈپ يىقىلىپ چۈشەي دەپ قالغان كونا سوقما تامنىڭ يېنىغا كېلىپ قاپتىمىز. تامدا بىر نەچچە كامار بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە قۇشقاچ باللىرى بار دەپ پەرەز قىلدۇق.

مەن بەكرىنى تامغا يامشىسىپ چىقىپ، قوشقاچ ئېلىپ چوشقىنىشكە بۇيرۇدۇم. ئۇ قورقۇپ ئۇنىمىدى. مەن باللارنى كۆشكۇرتۇپ، بەكرىنى زاڭلىق قىلدۇردۇم.
بالىلار ئۇنى ‹‹قورقۇنچاق›› دەپ مازاق قىلىشقا باشلىۋىدى، ئۇ لۈنى چىشلەپ يىغلامسىراپ تۇرۇپ تامغا يامىشىشقا ماقۇل بولدى. بىز پەستە تۇرۇپ مەدەت بەردۇق، ئۇ بار كۆچنى يىغىپ تامنىڭ ئويمان يەرلىرىدىن قامااللاپ تۇتۇپ يۇقۇرىغا يامشىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، كامارغا يېقىنلىشىپ بېرىپ، قورقۇپ تۇرۇپ قولىنى كامارغا تىقىپ ئارقىدىن چىقىرىۋالدى. ئۇنىڭ بىر نەرسىنى مىجىقلاپ ئېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ھەممىز قوشقاچ ئالدى دەپ خۇشال بولۇپ تۇراتتۇق. ئۇنىڭ قولىدىكى نەرسە تۇيۇقسىز سوزۇلۇپ تۇرۇپ ھەر يان تولغۇنۇشقا باشلىغاندا ھەممىز قورقۇپ كەتتۇق. بەكرىنىڭ قولىدا دادامنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى چوڭلۇقىدا بىر دانە يىلان تولغۇ شۇپ بەكرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن

تىركىشىۋاتاتتى. بەكرى باشتا قورقۇپ ۋارقىرىۋەتتى، ئاندىن يىلاننى تاشلىۋېتىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي چىلىك چاپلىشىپ تۇرغان تامدىن ئۆزىنى يەرگە ئاتتى. چىرايى تاتىرىپ، قورقۇپ كەتكەن بەكرى ئىشتىنىغا سىيىۋەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ھەممىمىز تىكىۋەتتۇق. كەچقۇرۇنلۇقى ئۇنىڭ دادىسى بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى ھەم قىلغان ئىشلىرىمىزنى دەپ دادام بىلەن ئانامغا خېلى كايىدى. بەكرىنىڭ دادىسى كەتكەندىن كېيىن دادام ئانىلار مېنى ئىشىك تۈۋىدە ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇپ، بىر ھازا كايىپ نەسىھەت قىلدى. ئارىدا ئانام قۇلىقىمنى يۇلۇپمۇ قويدى. مەن كۆڭلۈمگە «خەپ توختا بەكرى، دادام ئانىلارنىڭ ئالدىدا ئىزاغا قويدۇڭ، بۇ ئەنتىمنى ئالمايدىغان بولسام» دەپ خەپتىن بىرنى پۈكتۈم. ئەتىسى باشقا بالىلارنىڭ ھېچقايسىسى مەن بىلەن ئوينىغىلى ئۇنىمىدى، سەۋەبىنى سورىسام بەكرىنىڭ ئىشى سەۋەپلىك ئاتا ـ ئانىسى بەك قورقۇتىۋەتكەنمىش، ئەگەر يەنە

مەن بىلەن ئوينايدىغان بولسا ئۆزىنى بالام دېمەسىمۇ ھەم تاماقمۇ بەرمەسمىش. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھەممىسىگە «‹‹خەپ››» دەپ قويدۇم ئىچىمدە. ئاندىن بىر ـ بىرلەپ ئۆچ ئېلىشقا باشلىدىم. بىرسىنىڭ دۆۋىلەپ قويغان پاخلىغا ئوي قويۇۋەتسەم، بىرسىنىڭ كەينىدىن مەسچىتكىچە بىللە كىرىپ پايلاپ تۇرۇپ، نامازغا تۇرغاندا كالىچىنىڭ ئىچىگە سۇ توشقۇزۇپ قويدۇم. بىرسىنىڭ ئېتىزىغا بېرىپ كەتكەن ـ تاغىرىنى تاپالمايدىغان يەرلەرگە تىقىپ قويسام، بىرلىرىنىڭ ھارۋىسىنىڭ يېلىنى چىقىرىۋەتتىم. شۇنداق قىلىپ ھەممىسىدىن بىر قېتىمدىن ئۆچ ئېلىپ چىقتىم. ئاتا ـ ئانىلىرى شۇنداق قورقۇتۇپ تۇرسىمۇ باللار مەن بىلەن بىللە ئويناشتىن يالتىيالمايتتى. قورقۇتقاندا بىر نەچچە كۈن گەپ ئاڭلىغاندەك قىلغىنى بىلەن، مېنىڭ قىلىپ يۈرگەن كەپسىزلىكىمنى كۆرسە كۆلۈپ تېقىلىپ قالاتتى ھەم ئۆزىمۇ تۈيماي يەنە ماڭا قوشۇلاتتى.

مەن توقـقـۇز يــاشـــــلارغــا كىرگەنــدە مەھەللىمىزدىكى كەنــت كومىتېتىغــا بىر نەچچە مۇئەللىم كەلدى ھەمدە <<مەكتەپكە بــالا خەتلەيمىز›› دەپ نەچچە كۈن ئۆيمۇ - ئۆي كىرىــپ يۈرۈپ، مەن دېمەتلىــك باللارنىڭ ھەممىســــنى كەنت كومىتېتىغا يىغىۋېلىپ، دەرس ئۆتۈشــكە باشــلىدى. ئۇ چاغلاردا بىزگە ئۇيغۇر تىلى بىلەن ھېســـاپلا ئۆتەتتى. مەنــدىن كىچىكلەرمۇ، بىر - ئىككى يــاش چوڭلارمۇ بــار بولۇپ، بىزنى ئىككى ســــىنىپقــا بۆلۈپ ئۈچ مۇئەللىم نۆۋەتلىشىپ دەرس بېرىشكە باشلىدى. مەن سىنىپ بويىچە دەرسلەردە ھەممىدىن ياخشى ئىدىم. شۇ جەرياندا كەنت كومىتېتىغا يېقىن بىر يەرگە مەكتەپ ســېلىندى. يىل ئاتلاپ، ساۋادىمىزمۇ چىقىپ قالدى. خەت ســاۋادى بولسا بەكلا ياخشى بولىدىكەن. باشتا مېنى مەكتەپكە خەتلەيــدىغــان چــاغــدا ئــانــام ‹‹ئوقۇماي ئېتىز ئىشلىرىغا ياردەملەشسۇن›› دەپ تۇرىۋالدى. بىراق دادام كوپىراتســـيە ھــازىرقى كەنــت كــادىرلىرىنىــڭ ھەمــدە

مۇئەللىملەرنىڭ ساۋاتلىق ئىكەنلىكىنى، ساۋاتلىق بولسا جىق ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى، مېنىڭمۇ ياخشى ئوقۇپ كېيىنچە كەنت كادىرى بولىدىغانلىقىمنى، ئۇ چاغدا ئۆزلىرىدەك نامرات ئۆتمەيدىغانلىقىمنى ئېيتىپ ئانامنى قايىل قىلدى. گەپ شۇنداق بولدى، مەن ساۋاتلىق بولۇپ قالدىم. يېشىمىزمۇ چوڭىيىپ بارماقتا ئىدى. ئۈچ يىل ئوقۇدۇق. بۇ جەرياندا كەپسىزلىكىمنى تاشلىماقتا يوق، مەھەللىمىدىكى ئۇچىغا چىققان ئالىقاپقا ئايلاندىم.

تۆتىنچى يىللىققا چىققان ۋاقتىمىزدا دادام ھاشاردىن كېلەلمەيدىغان، ئانام ئېتىز ئىشىدىن بوشىيالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئىككى سىڭلىم بىلەن بەش قوي، بىر ئېشەككە قاراشمۇ ئانامنىڭ زىممىسىدە ئىدى. ئانام بىچارە يالغۇز يېتىشىپ بولالماي ھالىدىن كېتىپ باراتتى. شۇڭا مەكتەپتىن چىقىۋېلىپ ئۆيدە ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا ياردەملەشتىم. ئۇ ۋاقىتلار مائارىپنى ھازىرقىدەك چىڭ تۇتمايتتى. دادامۇ

‹‹ ساۋادىڭ چىققاندىكىن بولدى ›› دېدى. شۇنداق قىلىپ ئوقۇش ھاياتىم ئاخىرلاشتى.

ئون يەتتە ياش ۋاقتىلىرىم بولسا كېرەك، مەھەللىمىزدىكى نۇرنىسا ئىسىملىك بىر قىز كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ قىز كەنت سېكرېتارىمىزنىڭ قىزى بولۇپ، ئۇمۇ نەچچە يىل مەكتەپتە ئوقۇپ، كېيىن ‹‹گېلەم توقۇيدىكەنمەن›› دەپ مەكتەپتىن چىقىۋالغان ئىدى. ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمىزدا بەك بىلىنمەپتىكەن، لېكىن مەكتەپتىن چىققاندىن كېيىن يولدا ئۇچرىشىپ قالساقمۇ ئۇنىڭغا ئالاھىدە قارايدىغان، توغرىراقىنى دېگەندە، يۈرىكىم ئوت - تەتۈر سالىدىغان بولۇپ قالدى. يامان يېرى بۇ قىزنىڭ دادىسى بولمىش سېكرېتارىمىز ئانامغا دەسلەپ لايىق چىققان كىشى مىجىت ئاخۇن، يەنى سادىراخۇننىڭ كەنجى ئوغلى مىجىت شۇ ئىدى. مىجىت سېكرېتارنىڭ ئۈچ قىزى بار ئىدى. دادام ئانامنى تارتىۋالغاندىن كېيىن ئەلەمگە چىدىماي ئالغان خوتۇنى ئۇنىڭغا ئارقا -

ئارقىدىن ئۈچ قىز تۇغۇپ بەرگەن بولۇپ، چوڭ قىزى زەينەپ مەندىن بىر ياش كىچىك، چوڭىدىن كېيىن يىل ئاتلىماي تۇغۇلغان ئىككىنچى قىزى نۇرنىسا مەندىن ئىككى ياش كىچىك ئىدى. ئەڭ كىچىكى ئىززەتنىسا نۇرنىسانىڭ سايىسىدەك، نەگىلا بارسا ئاچىسىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپلا يۈرەتتى.

نۇرنىسا چىرايلىق ھەم شوخ قىز ئىدى، مېنى يىراقتىن كۆرسە ۋىللىدە قىزىرىپ يەرگە قاراپ ئۆتۈپ كېتەتتى. مەنمۇ ئۇنى مېنى ياقتۇرىدۇ دەپ ئويلايتتىم، شۇنىڭ بىلەن كەچلىرى ئۇ سۇغا چىققىدىغان ئېرىق بويىدا ياكى ئەتىگەنلىكى ئوت ئالغىلى بارىدىغان ئېتىز يولىدا ئاتايىن ئۇنى ساقلاپ تۇراتتىم ھەمدە ئۇ كەلگەن ھامان ھېجىپ كۆزىنىڭ ئىچىگە قادىلىپ بىر قارىۋالغاندىن كېيىن، ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۆتۈپ كېتەتتىم. كېيىنچە جۈرئەتكە كىلىپ بىرەر ئېغىز چاقچاقمۇ قىلىپ قويىدىغان بولدۇم.

بىر كۆنى پۇرسەت پىشىپ يېتىلدى، دەپ ئويلۇدۇمۇ، قاملاشتۇرۇپ سالامخەتتىن بىرنى يازدىم. شۇ زامانلاردا قەغەز ـ قەلەم دېگەن نېمىلەرمۇ بەكلا ئەتىۋارچىلىق ئىدى. ئوقۇۋاتقان چېغىمىزدىمۇ مۇئەللىمنىڭ بىر بىلەن دوستىنىكا يېزىپ بەرگەنلىرىنى يەرگە جىجاپ يېزىپ ئۆگۈنەتتۇق. دەپتەر ـ قەلەم دېگەن نەرسىلەرگە تەستە ئېرىشەتتۇق. ئۇنىمۇ شۇ ئەپەندىلەر ئاندا ـ ساندا تارقىتىپ بېرەتتى. هازىر خەت يازاي دېگە ندە نەدە دەپتەر ـ قەلەم دەيسىز. سىڭلىم پەزىلىيەنىڭ دەپتىرىنى ئوغۇرلاپ چىقىپ، شۇنىڭدىن ۋاراق ئاجرىتىپ خەت يازدىم. خەتنىڭ ئاخىرىدا ‹‹ئەگەر ماڭا كۆڭلىڭىز بولسا، ئەتە ناماز دېگەر ۋاقتى بىلەن ئۆيىڭىزنىڭ كەينىدىكى چوڭ ئۆرۈك تۈۋىگە چىقىڭ، شۇنىڭدا مەن سىزنى ماقۇل بوپتۇ دەپ بىلىمەن، ئەگەر چىقماي قالسىڭىز كۆڭلۈمنى قوبۇل قىلمايدىكەن، ماڭا كۆڭلى يوقكەن دەپ بىلىمەن، شۇنى ئۇنتۇپ قالماڭ، سىز بىلەن توي قىلىپ قەدىناس

ھەمراھلاردىن بولۇپ قالغۇم بار، سىزنى ساقلايمەن›› دەپ يازغان ئىدىم. پىلانىمدا، ئۇ ئوت ئالغىلى چىققاندا ئاستا تۇتقۇزۇپ قويۇپ كېتىپ قالارمەن دەپ ئويلىغان ئىدىم. بىراق ئۇ كۈنى ئوت ئالغىلى نۇرىنىسا چىقماي، ئاچىسى زەينەپ چىقتى. بوپتۇ دەپ كەچ بولۇشنى ساقلىدىم. ئەمما كەچتە سۇغىمۇ زەينەپ چىقتى، ئامالسىز ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈردۈم. بىر چاغ بولغاندا ھويلىدىن پوتلىسىنى ئېقىتىپ كىچىك سىڭلى ئىززەتنىسا چىقتى. كاللامغا بىر ئەقىل كەلدى. مەن ئىززەتنىسانى چاقىرىۋېلىپ، خەتنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدۇم ۋە ھېچكىمگە كۆرسەتمەي نۇرنىسا ئاچىسىغا بېرىپ قويۇشنى تاپىلاپ كىرگۈزىۋەتتىم. يولدا ماڭغاچ ئالەمچە تاتلىق خىياللارنى سۈرۈپ، تويۇمنى قىلىپ، نەچچە بالىنىڭ دادىسىمۇ بولۇپ كەتتىم تېخى. ئەتىكى ئىشلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ، تولا ئويلاپ، نۇرنىسانىڭ ماڭا نېمە دەيدىغانلىقىنى خىيالەن كۆز ئالدىمغا

كەلتۈرۈپ، ھەر خىل قىياسلارنى قىلىپ دېگەندەك، بىر كېچىلىك ئۇيقۇمنى ھارام قىلىپ ئاران دېگەندە تاڭنى ئاتقۇزدۇم. ئادەتتە «ئۆھھۆ» دەپ بولغىچە كەچ بولۇپ قالىدىغان كۈن بۈگۈن مۈشكۈل تەستە كەچ بولۇشقا باغلىدىمۇ، كۈن قايرىلغىلى ئۇنىمايدىغاندەك قىلمايتتى. ۋاقتىمۇ بىزەڭلىك قىلىپ ھېچ ئالدىغا ماڭمايۋاتاتتى. نامازدېگەرنىڭ كويىدا ئاسمانغا تولا قاش ئېتىپ، ئاخىرى كەچنىمۇ قىلدىم. خەتتە دەپ قويغىنىم بويىچە ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ كەينىدىكى چوڭ ئۆرۈكنىڭ تۈۋىگە چىقىپ ساقلاپ تۇردۇم. بىرەرسىنى كۆرۈپ قالمىدىكىن دەپ ئەنسىرىمىسەممۇ تېخى، نۇرنىسانىڭ چىقمىغىنىغا قاراپ جىلە بولمىسامۇ تېخى، ئىچىمدىكى ئالا-تۇپىلاڭلارنى بېسىقتۇرالماي تۇرغىنىمدا يېنىك شىۋىرلاپ يېنىمدا بىر گەۋدە پەيدا بولدى. نېمىسىنى دەيكى، بۇ گەۋدە نۇرنىسا ئەمەس، ئۇنىڭ ئاچىسى زەينەپ ئىدى. ئۇ ئاستا يېنىمغا كېلىپ ماڭا قاراپ پىسسىڭىدە

كۆلدى. مەن نېمە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي ھۇدۇقۇپ كەتتىم. مەن تېخى ئۇنى بىرەر ئىش بىلەن بۇ تەرەپلەرگە ئۆتكەن بولسا مېنى كۆرۈپ سالام قىلغۇسى كەلدى بولغاي، دەپ ئويلاپتىمەن. بىراق ئۇ تولۇمىدىن توقماق چىققاندەك قىلىپ:

ـ كۆڭلى بار ئادەم بالدۇرراق گەپ قىلمامدۇ؟ ئۆيدىكىلەر بىرسىگە ماقۇللۇق بېرىپ بولدى. ئەمدى ئۇلارنى ئۆزىڭىز ياندۇرۇڭ ئەسكى، مېنىڭغۇ ئۇ بالىغا تەگكۈم يوقتى. باشتىراق ئەلچى كىرگۈزسىڭىزغۇ شۇ ئىشلارمۇ يوق... ـ دەپ ماڭا دۈمسايغاچ كۆلدى. مەن خاتا كۆرۈۋالدىممۇ يا دەپ سىنچىلاپ قارىدىم. ئەمما خاتا ئەمەس ئىدى. ئالدىمدا ھەقىقەتەن زەينەپ تۇراتتى. قورقۇپ كەتتىم، چېكەمدىن پۇررىدە تەر چىقىپ كەتتى.

ـ سىز... سىز نېمىنى دەۋاتىسىز؟ قا... قانداق گەپ بولۇپ كەتتى بۇ؟...

ـ ھېلىقى... سىز دېگەن گەپلەرچۇ؟... مەنغۇ خالايتتىم، شۇ سىز گەپ قىلماي...

ـ نې... نېمىنى خالايتتىڭىز؟ نېمانداق ئېغى بىلەن بېغى يوقلا بىر گەپلەرنى قىلىسىز زەينەپخان؟ ـ دېدىم ئۇنىڭ كۆلكە يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ.

ـ ماڭا يازغان خېتىڭىزنى ئوقۇدۇم. بەك... بەك...

ـ نې... نېمە بەك بەك؟ گېپىڭىزنى چۈشەنمىدىم مەن.

ـ شۇ... خىجىل بولمىدىكەن ئادەم... مەنمۇ سىزدەك خەت يېزىپلا دەيمۇ يا كۆڭلۈمدىكىنى؟...

ـ خەت يېزىش كەتمەيدۇ، قانداق گەپ بولسا دەۋەرمەمسىز!ـ ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ كاللام قوچۇلۇپ كەتتى. گەپ كوچىلاش مەقسىتىدە شۇنداق دېدىم.

ـ شۇ... شۇ... بەك خوش بولدۇم... دادام بىلەن ئانام نېمە دەيدىكى ئۇنى بىلمەيمەن لېكىن...

زەينەپ پۈتىنىڭ ئۇچىدا يەر جىجاپ قىزىرىپ تۇرۇپ شۇلارنى دېدى. مەن يەنىلا

ئاڭقىرالمىدىم. ئەمما ئىشتىن چىقىپ چاتاق چىققانلىقىنى ئېنىق بىلەتتىم. قايسى چاغدا ئېتىزلىقىمىزنىڭ يېنىدا ئۆيى بار ئەمىتكام مۇزدوز ھويلىسىدا ئۆتۈك مىخلاپ ئولتۇرۇپ «چوڭ قىزنىڭنى بەرمىسەڭ كىچىكى قاش ئاتىدۇ» دەپ ناخشا توۋلىغان ئىدى. بۇ گەپ قىزىق تۇيۇلۇپ، تالاي زامانغىچە ھەجىلەپ، كۈلۈپ يۈرگىنىم ئېسىمدە. بىراق، مېنىڭ ئىشلىرىم مۇنداق بولسا بولمايتتى. يەنە كېلىپ كىچىككىنە ئاتقان قاشنىڭ چوڭغا تېگىپ كەتكىنى نېمىسى ئەمدى؟

ـ بىر ئۇقۇمىدەك گەپ قىلىسىڭىز پوككىدە چۈشۈپ ئۆلۈپ كېتەرسىزمۇ؟ يا نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلگىلى بولمىدى. يا بىر گەپ قىلمايلا ئۆتۈپ كەتمىدىڭىز، غەلىتە قىلىقلىرىڭىز باركەن جۇمۇ! يا مېنى خاتا تونۇپ قالدىڭىزمۇ؟ مەن قاسماخۇن تۆگىنىڭ ئوغلى ياسىن قاسىم بولىمەن جۇمۇ! ـ دېدىم سەل تىرىكىپ.

ـ بىلسـىپ گەپ قىلىۋاتىمەنغۇ شـۇ...ـ زەينەپ تېخىچە نازلىق ھىجىيىپ تۇراتتى. قارىغاندا ئۇ مېنى چاقچاق قىلىپ قەسـتەن گەپكە سـېلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالغاندەك قىلاتتى، ـ تۆنۈگۈن ئاخشام ئىززەتنى سادىن خەت كىرگۈزۈپتىكەنسىز، ئوقۇپ بەك خۇش بولۇپ كەتتىم. شۇنىڭ بىلەن... خۇشلۇقتا بىر كېچە ئۇخلىماي خەتنى قۇچاقلاپ يېتىپ...خىيال سۈرۈپ چىقتىم... سىزنىمۇ بوش چاغلىغىلى...

ـ ئۇ... ئۇنداق ئەمەسـتۇ؟ مەن نەدە... سـىزگە خەت كىرگۈزىمەن؟ ـ دېدىم ھۇدۇقۇپ تۇرۇپ. تىلىم كالۋالىشىپ گەپكىمۇ كەلمەيتتى. راسـت گەپنى قىلسـام قورققان ئىدىم. خىيالىمدىن كەچمىگەن ئىشـلار ئاز قالدى. ئىززەتنىسا ئاچىسىغا بەرگەن خەتنى نۇرنىسـادىن بۇرۇن زەينەپ كۆرۈپ قالدىمۇ يا؟ دەپ ئويلىدۇم ئىچىمدە. ياكى، زەينەپ نۇرنىسـانىڭ قولىدىن خەتنى تارتىۋېلىپ گەپنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماقچىمىدۇ؟ چوقۇم بىر گەپ بار، يا بولمىسـا ماۋۇ ئىككى جىن

بىرلىشىپ مېنى سىناپ بېقىۋاتىدۇ. شۇلارنى ئويلاپ سەل ئۆزۈمگە كەلدىم.

- ۋىيەي، تولا ساختىپەزلىك قىلماڭە. تارتىنىش دېگەن بىز قىز باللارنىڭ ئىشى. كۆڭۈل ئىزھار قىلىپ خەت يېزىڭ دېسە بىر ئوبدان يازىسىز، ئەمدى ئېگە بولمايدىكەن كۆرۈك ھى ھى ھى...

- قىزىقچى بولۇپ قاپسىز جۇمۇ. مەكتەپتىن چىققاندىن بېرى قولۇمغا دەپتەر - قەلەم ئېلىپ باققىنىمنى ئۇقمايمەن. نەدە يۈرۈپ سىزگە خەت يازىمەن مەن؟ توۋا!...

قىز پەرۋايىمدا يوق دېگىنىمنى كۆرۈپ سەل ئېسىنى يىغدى. كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قادىلىپ تۇرۇپ:

- تولا چاقچاق قىلماڭە؟ ئىززەتتىنىسادىن كىرگۈزگەن خەتنى «مەن يازمىدىم» دېمەيدىغانسىز؟ - دېدى.

تۇرۇپلا خىجىل بولۇپ كەتتىم. لېكىن زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمىسەم بولمايتتى. شۇڭا:

- ھە، ئىززەتتىنسا خەتنى سىزگە بەردىما؟ - دەپ سورىدىم.

- ھەئە، - دېدى زەينەپ ئەلەم بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ، - «ياسىن ئاكام بۇنى ساڭا بەردى» دەپ ئەكىرىپتىكەن، ھويلىدا دادام بار ئىدى، كۆرۈپ قالغىلى تاس قالدى. ئاران دېگەندە قولىدىن ئېلىپ قوينۇمغا تىقىۋالدىم...

- قېنى شۇ خەت؟ - دېدىم زەينەپنىڭ گېپىنىڭ بىلىگە تېپىپلا، - ئېلىڭە مەن بىر كۆرەي.

- نېمە دەيسىز؟ - زەينەپ چەكچەيدى، - مەن سىزگە خەت يازمىدىم دېمەكچىما؟ بۇ قانداق ئىش ئەمسە؟ ئىززەتتىنسا ماڭا يالغان گەپ قىلمىغاندۇ!؟

مەسىلە ئايدىڭ بولدى. ئىززەتتىنسا دېگەن كۆك پوتلا نۇرىنىساغا كىرگۈزگەن خەتنى چوڭ ئاچىسى زەينەپكە بېرىپ قويغان ئىدى. ئىسمىنى خاتا ئاڭلىۋالغانمىدۇ ياكى «قايسىسىغا بەرسەم ئوخشاش» دەپ ئويلاپ قالغانمىدۇ؟ كىچىك بالىنىڭ زادى

كىچىكلىكى بــار ـ دە! ھەي توۋا، قــاراپ تۇرۇپ ئۆزۈمگە ئىش تــاپتىممۇ ئەمــدى؟ ئۆزۈمگىمۇ ئاز، ئەتىســـــگىچە تەخىر قىلىپ، خەتنى نۇرنىســــاغا ئۆز قولۇم بىلەن بەرگەن بولسام مۇشۇ ئىش يوق.

ـ يا... ياق... مەن... شــۇ ... خەتنى كۆرگۈم بــار... يىرتىۋەتمەي ئەكىرىــپ بەرگەنىمــكىــن دەپ... مەنــمــۇ شـــــۇ ئۆيمىڭىزدىكىلەردىن ئەنســـــىرەپ مــــۆشەققەتتە كىرگۈزۈپ...

يۈزۈمنى قىلىن قىلىپ يالغان ئېيتتىم. زەينەپ ســەل پەســكارىغا چۈشــتى بولغاي، يېقىملىق كۈلۈمســـــرەپ، پاختىلىق جىلتىكىســـــىنىڭ يانچۇقىدىكى خەتنى ئاستا چىقاردى.

ـ ياق، يىرتىۋەتمەپتۇ. ما نا يانچۇقۇمدا بار...

ھاۋا ئۇنچە سوغۇق بولمىسىمۇ ئۇنىڭ قوللىرى تىترەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ خەتنى ئېلىشـــى ھامان چاققانلىق بىلەن «كاپ» قىلىپلا

قولىدىن تارتىۋالدىم. ئۇ چۆچۈپ كەتتى ھەم ھەيران قالغان ھالدا دومسايدى:

ـ نېمە بۇلاڭچىدەك تارتىپ يۇرىدىغاندۇ؟ سىز ماڭا بەرگەندىكىن مېنىڭ بولدى ئۇ، مەن بەرگەندە ئاندىن ئالسىڭىز بولىدۇ ئەمدى...

ئۇنىڭ ماڭا ئەركىلەۋاتقانلىقىنى سەزدىم، بىراق، ئۇنى ئەركىلىسىگە قويىسام بولمايتتى. كىچىك قىزنىغا كۆڭلۈم تۇرسا، چوڭىنى قاش ئاتقۇزۇپ يۇرسەم قانداق بولىدۇ!؟ زەينەپنىڭ ئىپادىسىدىن قارىغاندا ئۇمۇ ماڭا خىيال تارتىپ قالغاندەك قىلاتتى. لېكىن بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھېلىمۇ باشقىلار بىلىپ بولغىچە يۇزلەشكىنىمىز ئوبدان بولدى. خۇدايىم بىر ساقلىدى. ياخشى يېرى، ماۋۇ قاپاق كاللام ئىشلەپ قېلىپ، بىر ئامالىلاپ خەتنى ئېلىۋالدىم. بولمىسا «خەتنى سىزگە يازمىغان» دېسەم سەتچىلىكتىن بىرسى مەيدانىغا چىقاتتى ـ دە، ئاچا ـ سىڭىل ئىككىلىسىگە سەت كۆرۈنۈپ قالاتتىم. ئەمدى «تۆگە كۆردۈڭمۇ؟»

دېســـــە «ياق» دەپلا قۇتۇلــمەن. «خەت» دېســـــە «نەدە؟» دە يدىغان گەپ، ئىســـــپاتى بولمىغاندىكىن ھېچنېمە قىلالمايدۇ، نىشان يەنىلا نۇرنىسا.

- ئەمدى قاراڭ، - دېدىم قولۇمنى ئىشقىلاپ ھىجىيىپ تۇرۇپ، - مەن... خەتنى سىزگە يازمىغان. باشــــقا بىر قىزغا يازغان خەت ئىدىم. بەرگىلى ۋاقىت چىقماي، يانچۇقۇمدا تۇرۇپ قاپتىكەن. كونىراپمۇ قاپتۇ، بۇ خەتنى تاشلىۋېتىپ، كۆڭلۈم چۈشــكەن ئۇ قىزغا باشقىدىن خەت يازاي دەپ ئويلىغانتىم ئۆزۈممۇ. تۆنۈگۈن كەچ قارىسام ئىززەتنىسا ئىشـــــىك ئالدىدا ئويناپ ئولتۇرۇپتىكەن. «ئويناڭ» دەپ بەرگەن ئىدىم. ئۇقۇشماي ســـــىزگە ئەكىرىپ بەرگەن چېغى. خاتا چۈشىنىپ قاپسىز، خاپا بولماڭ ھە!

بۇ گېپىم بىلەن زەينەپنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئۇ بايىقىدىنمۇ بەك تىترەپ مۇشتىنى چىڭ تۈگدى.

- كاللىڭىزنىڭ سۈيى بارمۇ سىزنىڭ؟ خەتنى يېزىپسىز، ئۇكامدىن كىرگۈزۈپسىز، ئەمدى

سىزگە يازمىغان دەيسىزغۇ؟ ماڭا كىرگۈزمىسىڭىز ئىززەتىنىسا بىكاردىنلا ماڭ بېرەمدۇ؟

-ئۇنى مەن نېمە بىلمەن؟- دېدىم مەن قېتىمغا ئالماي،- ئاچچىقىمغا بىرىك دەپ مەن دېمىدىم ئىشقىلىپ. ‹‹ئويناك›› دەپ بەرسەم سىزگە ئەكىرىپ بېرىپتۇ. بۇنى مەندىن كۆرسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ قىزىقكىنا سىز!؟- بىرەرسىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ يېنىدىن تىزراق كېتىشكە ئالدىراپ قالدىم،- نەدىكى بىر ئىشلارغا يولۇقىدىكەن دېسە...

-بۇ قانداق بولغىنى... ئىززەتىنىسا ماڭا...

ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تۇرسام ھەم چۇشەنچە بەرسەم بولمايدىغاندەك تۇراتتى. كۆلكەم قىستاپ ئۆزۈمنى مىڭ تەسلىكتە تۇتۇپ تۇراتتىم. زەينەپنىڭ ئەلەملىك ئۆمچەيگەن چىرايىغا قارىغانسىرى كۆلگۈم كېلىپ كەتتى. شۇ تاپتىكى ھالىتى ھەم بايىقى ئىپادىسىدىنلا ئۇنىڭمۇ ماڭا كۆڭلى

بارلىقىنى بىلىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئالدىدا كۆلۈپ سالماسلىق ئۈچۈن كېتىشكە تەمشەلدىم.

ـ ھەي توختاڭە... چاقچاق قىلىپ ‹‹سىزگە يازمىدىم›› دەۋاتامسىز يا؟...

ـ خۇدا ھەققى، سىزگە يازمىدىم. نېمە دەپ بەرسەم ئىشەنمىدىغاندۇ ئەمدى!؟ مۇشۇ كەمنىڭ قىز باللىرى ئەرگە تەگكۈسى كېلىپ قالسا ئۆزىچىلا سۆۋۈنۈپ باقامدىغاندۇ، خۇدايا توۋا! ھەجەپ بىر...

شۇلارنى دەپ بولۇپ چوڭ ـ چوڭ چامداپ ئۇنىڭ يېنىدىن كەتتىم. ئىچىمدە چىداشقا قانچە تىرىشىپ تۇرسامۇ، قەدىمىمنى يۆتكىگەن ھامانلا پىخىلداش كۈلۈشنى باشلىغان ئىدىم. نەچچە قەدەم ئېلىشىمغا كەينىمدىن ئۇنىڭ پاڭڭىدە يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئۇ زامانلاردا نېمىش قىلىدۇ ھازىرقىدەك بىر كىمنى ياقتۇرۇپ قالسىلا قاشاڭلىق قىلىپ كەينىگە كىرىۋېلىش، مۇھەببەتلىشىش

دېگەنلەر، تولىسى ئاتا ـ ئانىلار يۈز كۆرۈشتۈرمەيلا تويىنى قىلىپ قوياتتى. مەن بولسام باشقا باللاردىن پەرقلىق هالدا هەممە ئىشتا قورقماس هەم ئۆز بېشىمچى ئىدىم. كۆڭۈل ئىشىدىمۇ چوڭلاردىن بۇرۇن نىشانلاپ تۇرغىنىم شۇمىدىكىن، ئىشقىلىپ نۇرنىسانى خالىغان ئىدىم، بىراق، قاق بىسمىللىسىدا ئىشلار قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن نەچچە كۈنگىچە ئۆلارنىڭ ئۆيىنى تىڭشاپ ئايلىنىپ يۈردۈم. نۇرنىسانىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى، ماڭا بولغان مۇئامىلىسىنى كۆزەتتىم، باشقىچە ئۆزگىرىش بولغاندەك قىلمايتتى. دېمەك، زەينەپ بىلەن بولغان ئىشنى ئۇ بىلمىدى دېگەن گەپ. ئەمما زەينەپتە ئەھۋال باشقىچە. ئۇ ماڭا تەتۈر قاراپ، ئۇدۇل كېلىپ قالساقمۇ سالام قىلماي يەر بېقىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. قارىغاندا مەندىن بەكلا كۆڭلى ئاغرىغاندەك قىلاتتى. ھەممىدىن قىزىقى، شۇ كۈندىن باشلاپ ئىززەتنىسا مېنى كۆرسە ئالۋاستىنى

كۆرگەندەك قورقۇپ قاچىدىغان، گەپ قىلسامۇ تامدەك تاتىرىپ، كۆزۈمگە تامنىڭ تۆشۈكىدەك تىكىلىپ قاراپلا تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. بۇرۇنقىدەك «ئاكو» دەپ ئەركىلەپ قويىدىغان، يەيدىغان بىر نەرسىلەرنى بەرسەم خۇشاللىق بىلەن ئالىدىغان، چۇرۇقلاپ سۆزلەپ، ۋىلىقلاپ كۈلىدىغان ئىشلىرىمۇ يوق بولغان ئىدى. قارىغاندا، زەينەپ ئىززەتنىسانىڭ خەتنى خاتا بەرگەن ئىشىنى دەپ سىڭلىسىنى تازا دىكتاتورغا تارتقاندەك قىلاتتى. ئىشقىلىپ ئۆيلىسىمۇ كۈلكە قىستىغۇدەك قىزىق ئىشلار-دە!

ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپ، نۇرنىسادىن ئېشىپ قالغان ئاشۇ خەتنى ئېتىزغا ئوت ئالغىلى ماڭغان يېرىدە ئالدىنى توسۇپ نۇرنىساغا ئۆز قولۇم بىلەن بەردىم ۋە كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ كۆزۈمنى قىسىپ كۈلۈپ قويغاندىن كېيىن كېتىپ قالدىم. خەتنىڭ مەزمۇنى بىر، بىكىتكەن ئورۇن ئوخشاش، ئەمدى نۇرنىسا جاۋاپ بېرىۋەتسىلا ئىش پۈتەتتى.

ئۇنىڭ ماڭا نىمە دەيدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ، ئالدىنقى قېتىمقىدەك ناھايىتى ئۇزۇن بىر كېچىنى تەستە تاڭ ئاتقۇزدۇم. ئەتىسى نامازدىگەر ۋاقتى بىلەن ئالدىنقى قېتىم زەينەپ چىققان ئۆرۈك تۈۋىگە چىقسام ئىش باشقا، كۆرۈك ما ئىشنى! ئۆرۈك تۈۋىدە يىغلاپ كۆزلىرى قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەن نۇرنىسا بىلەن ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، سامان يىگەن كالىدەك پۇشۇلدىغان ھالدا زەينەپ تۇراتتى. ئۇلارنى بۇ ھالدا كۆرۈپ مېڭەمدىن تۈپۈن چىقىپ كەتتى. بىراق كەلگەن ئىكەنمەن، بىرىپ سالام بېرىشىم كېرەك، غىپلا تىكىۋېتىش مۇمكىن ئەمەستە. ئەمما نېمىمۇ دەرمەن؟!...

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قىزلار، - دېدىم ئامال بار ئۆزۈمنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ، - بۇ يەردە تۇرۇپ قاپسىلەرغۇ؟

بىسمىللىسىدا دېگەن گېپىمنىڭ قاملاشماي قالغانلىقىنى شۇ گەپ ئېغىزىمدىن چىقىپ كېتىپ بولغاندا ئاندىن ھېس قىلدىم. بىراق ئۇنى دەپ بولغان ئىدىم.

ـ يۈزىنىڭ قىلىنىلىقىنى! ـ دېدى زەينەپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ كۆزۈمگە مىختەك قادىلىپ. ئۇ مېنى گەپتە كەتكۈزۈپ قويغان ھالەتتە قويۇپ بەرمەيتتى ئەلۋەتتە، ـ مۇشۇ يەردە كۆرۈشلى دەپ خەت يېزىپتىكەنلا، شۇڭا چىقىپ قالدۇق. باشقىراق يەردە تۇرساق بولاتتىكەن دە ئەمىسە؟

ـ بولدى قىلە... ـ نۇرنىسا زائىپ بىر ئاۋازدا ئىگىردىغاندەك سۆزلىدى. ھەممىنى چۈشەندىم. ئاچا ـ سىڭىل ئىككىسى مۇشۇ ئىشنى دەپ ئۇرۇشۇپ قالغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟

ـ ھەي، سىز زادى قانداق نېمە؟ ھېلى ماڭا، ھېلى سىڭلىمغا خەت يېزىپ نېمە قىلماقچى زادى؟

ـ مەن... بۇ...

تىلىم كالۋالىشىپ، پۇت ـ قوللىرىم تىترەشكە باشلىدى. دۇنيادا مۇنداقمۇ سەتچىلىك بولىدىكەنغۇ تېخى. قانچە ئەسلىسەممۇ

بۇنىڭدىن قىيىن بىرەر كۈننى بېشىمدىن ئۆتكۈزۈپ باققىنىمنى بىلمەيمەن.

- چۇ شەندۇرۇڭە يا سىن، زادى قانداق ئىش بۇ؟... - نۇرنىسا شۇنداق دەپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ يەنە جىم تۇرسام ياخشى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم.

- بۇ مۇنداق گەپ، - دەپ سۆز باشلىدىم مەن زەينەپكە قاراپ، - ئەسلىدە نۇرنىساغا كۆڭلۈم بارئىدى، ئۇنىڭغا سالام خەت يازغان ھەم ئىززەتنىسادىن كىرگۈزۈپ بەرگەن ئىدىم. لېكىن ئىززەتنىسا خەتنى سىزگە بېرىپتۇ. سىز بۇنى بىلمەي مېنى خاتا چۈشىنىپ قاپسىز. كەچۈرۈڭ زەينەپخان، مېنىڭ سىڭلىڭىزغا ئۆيلەنگۈم بار، كۆڭلۈم چۈشكىنى سىز ئەمەس...

شۇ گەپنى دەپ بولغىچە بېشىمدا نەچچە تۈگمەن پىرقىرىدى. قىينالساممۇ ھەر ھالدا ئېنىق چۈشەنچە بەردىم. گەپلىرىمنى ئاڭلاپ زەينەپ سىڭلىسىغا يەۋەتكۈدەك سەت ئالايدى ۋە ماڭا ئوبدان بىر قارىۋېتىپ يەرگە

«‹شالاقىدە›» بىرنى تۆكۈرگەندىن كېيىن كەينىگە بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى. ئۇف، ھەر نېمە دېگەن بىلەن بۇ ئوڭايسىزلىقتىنمۇ ئۆتتۇم.

زەينەپ كەتتى، نۇرنىسا تېخىچىلا خىتىلداپ يىغلاپ، ئاچچىنىمىق كەينىمىدىن قاراپ تۇراتتى.

- ئۇرۇشۇپ قالدىڭلارما؟ - سورىدىم نۇرنىسادىن.

- ھەممىنى قىلغان سىز، نېمە بار ئىدى بىزنىڭ ئۆينىڭ ئەتراپىدا ئوغرىدەك تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، ئاچام سىزنى كۆرۈپ قېلىپ كۆزىتىپ يۈرۈپتىكەن. ماڭا خەتنى بەرگىنىڭىزنىمۇ كۆرۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئارقامدىن بېرىپتۇ. قولۇمنى مورلاپ تۇرۇپ خەتنى تارتىۋالدى... ئۆتكەندە ئوتتۇراڭلاردا بولغان ئىشنى دەپ بەردى... ھەجەپمۇ بىر... دىققەت قىلسىڭىز نېمە بولىدۇ...

تووۋا ماۋۇ قىزىقچىلىقنى. زەينەپنىڭ راستىنلا ئىچىگە ئېلىپ كېتىشىنى نەدىن بىلەي؟

ـ ئەمدى قانداق بولار؟

ـ نېمە سى قانداق بولىدۇ، ئاچام بۇ ئىشنى ئانامغا دەپ قويىدۇ. ئەمدى ئىش ئوخشىدى. مەن تۈگۈدۈم. . . ـ نۇرنىسا شۇنداق دەپ يەنە يىغلاشقا باشلىدى. ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە ئەمدى يېنىۋېلىشقا بولمايتتى. زەينەپ بۇنچىلىك ئاچچىقلىغان ئىكەن، بۇ ئىش تېرىلىپ كەتمەي قالمايدۇ. ئىشلار بەربىر شۇنداق بولىدىغان بولغاندىكىن ئاخىرىغىچە چىڭ تۇرۇپ، چوقۇم ئىشانغا يېتىش كېرەك. مەيلى ئىشلار قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر نۇرنىسانى ئالغىنىم ئالغان!

ـ نۇرنىسا، بىز قانداق قىلىمىز؟ ماڭا تېگىشكە ماقۇل بولارسىزمۇ؟

قېلىنلىقىمنى يەنە بىر قېتىم ئىشقا سالدىم.

ـ ۋاي تووۋا بۇنى، «قاساپ ياغ قايغۇسىدا، ئۆچكە جان قايغۇسىدا» دەپ، مەن ئۆيدە بولىدىغان جېدەلدىن قورقۇپ تۇرسام خىيالىڭىزدا يوق گەپ قىلىسىزغۇ؟. . .

ـ خاتىرجەم بولۇڭ، ـ دېدىم مەن ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ، ـ سىزلا ماقۇل دېسىڭىز مەن ئۆيۈڭلارغا ئەلچى كىرگۈزىمەن. ئۇ چاغدا ھېچكىم ھېچنېمە دېيەلمەيدۇ. قورقىشىڭىزنىڭمۇ ھاجىتى يوق.

ـ ھە... ـ نۇرنىسا كۆزلىرى ياش يۇقى ھالدا تاتلىققىنە كۈلدى، ـ شۇنداقمۇ بولارمۇ؟

مانا تاماشا، ئەتىسىدىن باشلاپ نۇرنىسا كۆزۈمدىن ئۇچۇپ كەتتى، زەينەپ بولسا بويىنىنى غازدەك سوزۇپ، يىراقتىن كېلىشىم بىلەنلا غىڭشىپ ناخشا توۋلاپ ‹‹قانداقكەنمەن›› دېگەندەك قاشلىرىنى ھىمىرىپ قاراپ تۇرىۋالىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئاز كەلگەندەك، ھازىرقى قېينانام، يەنى ـ نۇرنىسا، زەينەپلەرنىڭ ئانىسى ئىمانىغا چام مېنى كۆرسىلا يەۋەتكۈدەك قاراپ، ئالىيىدىغان بولۇۋالدى. دەل بىر ھەپتە شۇنداق ئۆتتى، بۇ بىر ھەپتىنىڭ ئۆتمىكى ماڭا شۇنچىلىك تەس تۇيۇلدىكى، بىر يىلمۇ بۇنچىۋالا تەستە ئۆتمەس دەپ

ئويلاپ كەتتىم.ھەپتىدىن كېيىنكى بىر كۈنى نۇرنىسا چىرايى سولغۇن بىر ھالەتتە ئىتزغا كېتىۋاتقىنىدا ئۇچراپ قالدى. ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ ئادەم يوقلىقىغا كۆزۈم يەتكەندە ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇدۇم. ئەمما ئۇ مەندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، مېڭىشقا ئالدىرىدى. ئۇنى قيىن ئەھۋالدا قويماسلىق كېتىشكە يول قويدۇم. ھەمدە كەينىگە چۆشۈپ ئىتزىغىچە باردىم. كۆزىگە كىرىۋېلىش ئارقىلىق شۇلارنى بىلدىمكى، زەينەپ ئاردا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئانىسىغا دەپتۇ ھەمدە سىڭلىسىنى بولۇشىغا چېقىشتۇرۇپ، مەن بىلەن ئىچ-پەش تارتىشىپ يۈرگەن قاتارغا چىقىرىپ بوپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان جانابىي قېينانام ئىمانىخاچام نۇرنىسانى بىر ھارغۇچە تىللاپ، ھەپتىگىچىغە ئۆيگە سولاپ قويۇپ، يەيدىغان - ئىچىدىغىنىنى ئەكىرىپ بېرىپ بېقىپتۇ. ئۆيدىكى ئىشقا يارايدىغان بىر سى بىكارلىق يەپ - ئىچىپ ياتقىنى بىلەن، ئىتز ۋە ئۆي ئىشىغا يېتىشىپ بولالمىغان قېينانام ئاخىرى نۇرنىسانى يەنە بىر پەدە دۇشكەلىگەندىن

كېيىن، سولاپ قويغان ئۆيدىن چىقىرىۋېتىپتۇ ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن مەن بىلەن ئالاقە قىلماسلىق، ئۇدۇل كېلىپ قالساقمۇ سالاملاشماسلىق، ئۇچرىشىپ قېلىپ گەپ قىلمىغۇدەك بولسام يۈزۈمگە تۈكۈرۈپ ھەيدىۋېتىش توغرىلىق سۆزلەپ قۇلىقىغا قۇيۇۋېتىپتۇ. نۇرنىسا سىرتقا چىققۇدەك بولسىلا ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ كەينىدە بىرەر كۆز بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. ئەگەر مەن بىلەن كۆرۈشكىنىنى بىرەرسى كۆرۈپ قالغۇدەكلا بولسا ئانىسىدىن دەشنام يېيىشىدىن قورقىدىكەن. شۇڭا بايا ماڭا قارىماي ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بەكلا ھەيران قالدىم. ئالدىمدا تولىمۇ قىيىن بىر داۋان بارلىقىنى ھېس قىلدىم. نۇرنىسامۇ شۇلارنى دەۋېتىپ يامغۇردەك تۆكۈلۈپلا كەتتى. ئۇنىڭ ماڭا قىيالماسلىق بىلەن باققان ئۇ ياش چاچان كۆزلىرى ئۇنىڭمۇ ماڭا كۆڭلى بارلىقىنى سۆزلەپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردىم ھەمدە قانداقلا قىلسام قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن توي

قىلمىدىغانلىقىمنى، تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلىدىغان شەرتلىرى بولسىمۇ ئىمانىخاچام ۋە مىجىتاخۇنكاملارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، يۇرتتا كاتتا ئاش تارتىپ توي قىلىدىغانلىقىمىزنى دېدىم. گەرچە بۇلار پەقەت ئارزۇ بولۇپ، ئىشقا ئېشىش ئاشماسلىقى ھازىرچە قاراڭغۇ بولسىمۇ نۇرنىسا گەپلىرىمنى ئاڭلاپ تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى. مەن ئەھدىمىزدە چىڭ تۇرۇش، ئانىسىنىڭ ئانچىكى قۇرقۇتقانلىرى بىلەن ئىرادىسىدىن تەۋرىنىپ قالماسلىق، كەلگۈسىدىكى بەختلىك ئائىلىمىز ئۈچۈن مەن بىلەن بىللە ئازراق جاپاغا بەرداشلىق بېرىش، تويىمىزنى قىلىۋالساقلا ھەممە ئىشنىڭ ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى تەسەللەندۈرۈپ بايىقىدىنمۇ بەكرەك يىغلىتىۋەتتىم. ئۇنىڭ ئاغزىدىن <<ماقۇل>> جاۋابىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن كۆڭلۈم سەلگىنە بولسىمۇ تىندى. شۇنچىلىك بولسىمۇ كۆرۈشكىدەك پۇرسەت چىققىنىغا خۇش بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشىپ

بىرىپ بىردەمدىلا تولغۇتۇۋەتتىم ھەمدە ئۆيگە يولغا سېلىپ قويۇپ، ئۆيگە بىرىپلا ئاتا - ئانامغا ئەھۋالنى ئېيتىپ، نورنىساغا ئەلچى كىرگۈزۈشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ يۈرۈپ كەتتىم.

ئاتا-ئانام نورنىسا ھەققىدىكى گەپلىرىمنى كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى. ئاڭلىغاندىمۇ ھەر بىر گېپىمنى يادلاپ ئېيتىپ بېرەلىگۈدەك بىر ھالەتتە زەڭ سېلىپ ئاڭلىدى. دادام بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن تۇيۇقسىز يوتىلىرىغا شاپىلاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

-يارايسەن بالام، داداڭنى تارتىپسەن يىگىتىم. ياش چاغلىرىمىزدا مىجىتاخۇن بىلەن ئاناڭنى تالىشىپ قېلىشۇدۇق. ئەمدى سەن مىجىتاخۇننىڭ قىزىنى كۆندۈرۈۋالغان بولساڭ، بۇمۇ بولغىنى. بىر ئېغىز گەپ-ئاغزىڭدىن چىققاننى ئېلىپ بېرىمەن، - دېدى. بىراق ئانام ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ قازناق ئۆيگە كىرىپ كەتتى. گەپ شۇ يەرگە خۇلاسىلاندىكى - دادىم قوشۇلغان ئىشقا

ئانامنىڭ «‹ياق›» دېيىشى يوق گەپ ئىدى.

ئۆيدىكىلەرنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىشى ئاسانغا توختىغىنى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەندىشىسى بار ئىدى. ئەگەر مۆھتەرەم سېكرېتارىمىز ياش چاغلىرىدىكى ئاداۋەتنى غەلۋىردە سۈزۈپ چىقىپ، قىزىنى ماڭا بەرمەيدىغان قاتارغا چىقسا قانداق قىلغۇلۇق؟ بۇ ئەلۋەتتە دادامنىڭ ئەندىشىسى ئىدى. شۇڭا نۇرنىساغا بولغان «‹تەربىيە›» نەچچە ھەسسە كۈچەيتىشكە توغرا كەلدى. دېيىشىۋالغىنىمىز بويىچە شام ۋاقتى بىلەن مەھەللىمىزدىكى كۆل بويىدا، چوش مەزگىلىدە ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ كەينىدىكى چوڭ ئۆرۈك تۈۋىدە كۆرۈشۈپ كېلىۋاتاتتۇق. چوڭ ئۆرۈك تۈۋى غىچچىدە ماندالار غۇژمەكلىشىپ ئۆسۈپ كەتكەن ئالۋاستى ئۆڭكۈرىدەك قورقۇنچلۇق بولۇپ، قارىماققا راستىنلا ئالۋاستى ئۆڭكۈرگە ئوخشاپ كەتكەچكە ئادەمنى سۈر باساتتى. يېنىدىن ئۆتكەنلەرمۇ ئايەت ئوقۇپ «‹سۇف، كۆچ›»

لىگەچ تىترەپ تۇرۇپ ئاران ئۆتەتتى. شۇڭا، زورۇرنىڭ زەخمىتى بولمىسا بۇ يەرلەرگە ئانچە بىر كىم كەلمەيتتى. مەن نۇرنىساغا يازغان خەتكە سوغۇق مېھمان بولۇپ زەينەپ، ئارقىدىن كۆزلىرىنى قىزارتىپ نۇرنىسا چىققىنى بىلەن باشقا قىزلار بولسا مەندىن ۋاز كەچسە كېچەتتىكى، بۇ يەرگە ھەرگىز كەلمەيتتى. بىراق نۇرنىسا بىلەن زەينەپ كىچىكىدىن بۇ ماندالىقنىڭ ئەتراپىدا ئويناپ چوڭ بولغاچقا ئانچە قورقۇپمۇ كەتمەيتتى. نۇرنىسانى «بۇ يەرگە ھېچكىم كەلمەيدۇ» دەپ مۇشۇ يەردە كۆرۈشۈشكە ماقۇل قىلغان ئىدىم.

ئەلچى كىر گۈزۈش ئىشىدا يۇقۇرقى ئەندىشىلەرنى نۇرنىساغا دەپ ئۆتمەي بولمايتتى. شۇڭا بىر كۈنى نۇرنىسانى ماندالىقنىڭ ئىچكىرىسىگە تارتىپ تۇرۇپ، ياش ۋاقىتلىرىدا ئاتا - ئانامنىڭ ۋە مەجىت سىكرىتارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ بەردىم. ئۇ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ كۈلۈپ

تىلىقىپ قالدى. ‹‹تووۋا!...›› دەيتتى ئۇ بەزى گەپلەرگە ئەقلى يەتمەي ھەيران بولۇپ. شۇنداق قىلىپ ئەھدىنى چىڭ قىلىش، قانداقلا ئىش بولسىمۇ ۋەدىگە خىلاپلىق قىلماسلىق توغرىسىدا تەربىيەنى يەنە بىر ھەسسە تولۇغاپ تۇرۇپ چىڭىتتىمدە، مەڭزىگە بىرنى سۆيۈپ يولغا سېلىپ قويدۇم.

كەچلىكى ئاتا ـ ئانام ۋە مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامىنى ئېلىپ مىجىتاخۇن سىكرىتار، يەنى ھازىرقى قېيناتامنىڭ ئالدىغا ئەلچىلىككە كىرىپ كەتتى. يۈرىتىمىزنىڭ قائىدىسى قىز سوراپ كىرگەندە ئوغۇل بىللە ئېلىپ بېرىلمايدىغان بولغاچقا كۆزۈمنى تۆت قىلىپ ئىشىكىمىز ئالدىدا ساقلاشقا توغرا كەلدى. ئالاھەزەل، بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە ئەگۈن دىرىقشىپ ئېچىلىپ، دادام بىلەن ئانام كىرىپ كەلدى. ئىمام ئاخۇنۇمنى يولدىنلا ئۇزىتىپ قويغان بولسا كېرەك، ئۇ كۆرۈنمەيتتى. دادامنىڭ ئېغىزىغا قاراپ نېمىندۇر دېيىشىنى ئۈمىد قىلىپ تۇراتتىم. ئۇلارنىڭ قىز سوراققا نېمە دەپ جاۋاپ

بەرگىنىنى بىلىشكە ئالدىرايتتىم. بىراق، دادام گەپ ـ سۆز قىلماستىن ئەگۈنىنى ئەتتى ۋە ئانامنىڭ كەينىدىن ئۆيگە كىرىپ كەتتى. تىت ـ تىتلىق ئىچىدە ئۇلارغا ئەگىشىپ ئۆيگە كىردىم. كىرىسىن چىراقنىڭ يورۇقىدا ئۇلارنىڭ چىرايىدىن يېغىپ تۇرغان خاپىچىلىقنى كۆرۈپ يۈرىكىم ئاغرىغاندەك بولدى. كۆڭلۈم تۇيغان ئىدى، باشتىلا مۇشۇنداق سوغۇق داستىخان بىلەن ئۇزاپ قالىدىغانلىقنى ئاتا ـ ئانامۇ پەملىگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىنىڭ يېرىم بولغىنىنى كۆرۈپ مەنمۇ چىدىمىدىم.

ـ قانداق قىلىمىز بالام؟ «نۇرنىساخاننىڭ بېشى باغلاقلىق، خاپا بولۇشمىسىلا» دەپ يولغا سالدى. قانچە گەپ قىلىپ باقسامۇ ئېرىيدىغاندەك ئەمەس، ـ دېدى ئانام ئۇھ تارتىپ قويۇپ.

ـ يوق گەپ، ـ دېدى دادام شاپاق دوپپىسىنى تىزىغا كە يدۈرۈپ قويۇپ، ـ قىزىغا سۆز سالدۇرۇپ قويغان بىرەرسى بولسا ھېلىغىچە ئىس ـ بۇسىنى پۇرىماي

قالارمىدۇق؟ ئۆلارنىڭزە، قىزدىنى بىزگە بەرگۈسى كەلمىدى. ئاداۋىتى ھەجەپ يامان تازكىنا بۇ! قارا بالام، ئوغۇل بالا دېگەن قىلمەن دەپ نىيەت قىلغان ئىشنى چوقۇم قىلىشى كېرەك. ئات بېشىدەك ئالتۇن كەتسىمۇ كۆڭلۈك چۈشكەننى چوقۇم ئېپ بېرىمەن، ـ دادام پەخىرلىنىپ تۇرۇپ مەيدىسىگە مۇشتلىدى، ـ مېنىڭ ئوغلۇم مەن قىلغاننى قىلالمىسا بۇنداق بالىنى ‹‹مەن تاپتىم›› دەپ يۈرەلمەيمەن جۇمۇ! قاراپ تۇر، نۇرنىسەكنى ئاشۇ مىجىتەكنىڭ قولىدىن يۇلۇپ ئالىمىز!

ھەممىمىز تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

ئىش ئوخشىدى. ئەلچىلىك سوغا چىلاشقان كۈننىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ نۇرنىسا يەنە قۇدۇقتا چۈشكەن تاشتەكلا يوقاپ كەتتى. ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى ئەگىپ يۈرۈشلەر، ئىززەتنىساخان سوراپ سورۇشتە قىلىشلار، ئىمانىخاچامغا خۇشامەت قىلىپ ھىجىيىپ، سۇۋۇنۇشلار بىكارغا كەتتى. زەينەپ بىلەن ئۈچرىشىپ قېلىشتىن قاچقانسېرى دائىملا شۇ

كۆرۈپ قالاتتى. ئاندىن زەھەردەك ئاچچىق، ھىگدەك سېسىق گەپلىرى بىلەن چېقىۋېلىپ، ئۆزىچە قــاقــاقلاپ كۈلۈپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ‹‹خەپ›› دەيتتىم ئىچىمــدە. نۇرنىســانىڭ بىرەر خەۋىرىنى بەرگەن بولســا دەسسەپ مىجىۋېتىپ ئۆتۈپ كەتسىمۇ مەيلى دەيتتىم ـ دە!

نۇرنىســـــا يوقاپ كېتىپ ئون كۈن بولاي دېگەندە مەھەللە مەســــچىتىنىڭ ئىمامىنىڭ ئــايــالى بۇســـــارە خېنىم ئــانــامغــا ‹‹مىجىتاخۇنلارنىڭ قىزى نۇرنىســـــاخاننى بىزنىڭ چوڭ ئوغۇلغا بەرگۈســى باركەنمىش، شــۇ توغرىلىق گەپ پۈرىتىپتۇ. نۇرنىســاخان ســىلەرنىڭ ئوغۇل كۆز ســالغان قىز بولغاچقا بىز ئارتۇق بىر نەرســـە دېمىدۇق. قالغىنىنى بىر مەســلىھەتلىشــەرمىز›› دەپتۇدەك. كۆرۈڭ ما ئىشــنى. ‹‹ئىگىلەپ قويغان ئادەم بار›› دەپ بىزگە بەرمەيدىكەنتۇ، ئىمامىنىڭ ئوغلىغا ئۆزى خىرىدارلىق قىلىپ بارىدىكەن. بۇ گەپنى ئاڭلاپ نىرۋام قىرىق گەز ئۆلىدى. ھېلىمۇ ياخشــى دادام توســۇۋالدى، بولمىســا

ياشـــــلىقىمغا ئېلىپ، بىرەر ئىش چىقىرىپ قويغىلى تـــاس - تـــامـــاس قـــالاتتىم. خەيرىيەت، ئىشــــلار شـــۇنداق بولدى. ھەر نىمە دېســـــەمۇ ئاۋال نۇرنىســــــا بىلەن بىر كۆرۈشـــۈپ، ئـــانـــدىن كېيىنكى قەدەمنى بېســــشــــم كېرەك ئىدى. دادامۇ ئانامنى تارتىۋالغان چاغدىكى ئىشــلىرىنى ســۆزلەپ، كاللا ئىشـــلىتىش، ئەقىل بىلەن ئىش قىلىش توغرىلىق جىق تەربىيە قىلــدى. بۇنـــداق چـــاغلاردا ئـــانـــام ھېچنېمە دېمەي كۈلۈپلا قوياتتى.دادامنىڭ دېيىشىچە قانچە ئاچچىقىم كەلگەن بولســىمۇ مىجىتاخۇن ســكرىتارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويســام بولماســىمىش. خۇدايىم نىســـپلا قىلســـا ئۇ ماڭا قېيىناتا بولارمىش، باشــتىنلا كۆزىگە ســەت كۆرۈنۈپ قالســـام قانچە ياخشـــىچاق بولغىنىم بىلەنمۇ ئالدىدا ئۆمۈرۋايەت ياخشى بولالماسىمىشمەن.

ئەمما، ئىش پىلانغا باقمىدى. مەن ســـەت كۆرۈنۈپ قالماي دېسەممۇ سەت كۆرۈنىدىغان ئىش ئاخىرى يۈز بەردى. نۇرنىســــــانى بۇ قەدەر قاپ يۈرەك دەپ ئويلىمىغان ئىدىم.

كۆتۈلمىگەن بىر ئىشــــى بىلەن ئۇ ئاتا ـ ئــانــامنى، مېنى ۋە ئۆيــدىكىلەرنى ھەيران قالدۇردى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە ئانام ئەتكەن ئۇماچقا ناشتىلىققا ئولتۇرساق ئىمانخاچام پايپاسلاپ ئىشىكتىن ئۆسۈپلا كىردى ۋە ھاسراپ تۇرۇپ تىللاشقا باشلىدى:

ـ ھۇ تېگى پەس ھــاراملىق! بىزدە نېمە ئۆچۈڭ بار ئىدى ھە ســـەنلەرنىڭ؟ قىزىمنى نېمە قىلدىڭ ھارمى؟ گەپ قىلە شــــۇم! نۇرنىســـانىڭ دېگەنلىرى راســـتمۇ؟ گەپ قىل دەيمەن تىلىڭنى ئېشـــەك دەســـــۋەتتىمۇ ھارامدىن بولغان؟!

ئىمـــانخـــاچـــامنىـــڭ گەپلىرىنىـــڭ بىرىنى چۈشـــەنگەن بولســـام ئۆلەي! نۇرنىســـانىڭ ئىماندخاچامغا نېمە دېگەنلىكىنى ئىللا ـ بىللا بىلمەيتتىم. بۇ خوتۇننىــڭ ئۆنــدەرەپ كىرىپلا ئــادەم تىللىشـــنىــڭ ســـەۋەبىنى بىلمىســـەممۇ، ئىشـــقىلىپ بەكلا ئاچچىقىم كەلــدى. قىزىنى ئــالاي دەپ ئويلىغىنىم راســـت، لېكىن، تېخى بىر نېمە قىلغۇدەك

بولمىغان تۇرسام، نېمىسىگە نېمە يەتمەي چىچقاق موزايدەك يۈگرەپ كىرىپلا ئادەم تىللايدۇ؟

ـ نېمە بولدىلا ئىمانىخان؟ ، ـ دېدى ئانام مەن بىر نېمە دەي دەپ ئېغىزىمنى ئۆمەللەپ بولغىچە ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ـ توخو پوق يېمەستە يىقىلىپ ـ قوپۇپ كىرىپلا تىللاپ كەتكىدەك نېمە ئىش بوپ كەتتى زادى؟ بىر چىرايلىق ئېتى بار بالىنى «ھاراملىق» دەپ چاقىرماي ئېتىنى چاقىرسىلا مۇندا، يامان بولىدۇ...

ـ ئېتى بولامدۇ، ئېشىكى بولامدۇ، ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كارىم يوق. ماۋۇ مايماق تاز، ـ ماگا قولىنى شىلتىدى ئىمانىخاچام ئېغىزىدىن تۈكرۈك چاچرىتىپ تۇرۇپ، ـ سىلىنىڭ مونو قوتۇر ئۆچكىلىرى قىزىمنىڭ نۇمۇسىغا تېگىپتۇ. بىز بۇ مەھەللىدە يۈزىمىزنى كۆتۈرۈپ يۈرىمىزمۇ، يۈرمەيمىزمۇ ھە؟ خۇدادىن قورقماي قىلىپ يۈرگەن ئىشىنى كۆرمەمدىغان! ۋاي مەن ئۆلەي!

خوشنا ئۆلتۈرغانىنىڭ سازايىمۇ بۇ؟! ۋاي ئۆلدۇم توغقانلار...

ئىمانىخاچام شۇنداق دەپلا پۈتۈن ئۆيىنى بېشىغا كىيىپ يىغلىغىلى تۇردى. ئۇنىڭ خۇددى دادىسى ئۆلگەندەك ھازا ئېچىپ يىغلىغىنىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم. ئەلۋەتتە، دادام بىلەن ئانامنىڭ قۇرقۇنچىمۇ مېنىڭكىدىن كەم ئەمەس ئىدى. ھەممىدىن يامان بولغىنى، ئىمانىخاچامنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىغان خۇلۇم - خوشنىلار ئۆيگە بىر - بىرلەپ يىغىلغىلى تۇردى. سەۋەبىنى ھېچكىم بىلمىگەن بۇ يىغا ئۆيگە ئۇلۇغ - ئۇششاق خولۇم - خوشنىلارنى تامامى يىغىپ بولۇپ، بەئەينى كەنتە كومىتېتىغا مەجلىس ئاڭلىغىلى يىغىلغان ئەزالاردەك قاتارىسىغا تىزىلىشىپ تۇرۇپ كەتكەن ئىدى. ئانام بىچارە كىرگەنلەرنى تۆرگە باشلاپ ئاۋارە، دادام بولسا ئەرلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئەھۋال سوراپ ئۈلگۈرۈپ بولالماي قالغان ئىدى. ئىمانىخاچام كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ ئۆزىنى

كاچاتلاپ بىر ھازا يىغلىغاندىن كېيىن جىم بولدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپىغا قاراپ خوشنىلارنىڭ ھەممىسىنى يېنىدا كۆردى ۋە چۆچۈپ كەتتى. ئابايدىن بىرى تارتقۇشلاپ، ئەھۋال سوراپ، يىغىسنى بەزلەپ، تەسەللىي بېرىپ، يىغىسىنىڭ سەۋەبىنى سوراپ ھېچ جاۋاپ ئالالمىغان خوشنىلار ‹‹بىردەم يىغلىۋالسا بېسىقىپ قالار›› دېيىشىپ، ئۇنى رايىغا قويۇپ بەرگەن ئىدى. ئۇ يىغىدىن توختاپ كۆزىنى ئاچقاندىن كېيىن ئەتراپىدىكىلەرگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى، ئاندىن يەنە ئۆز ئىدەرەپلا ئورنىدىن تۇرۇپ ھېچكىمگە خوشمۇ دېمەي، تەردىتى قىستاپ بولالمىغان ئادەم ھاجەتخانىغا چاپقاندەك ئالدىراشلا چىقىپ كەتتى. ئۆي ئىچىدىكىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا قاراپ پىخىلدىشىپ كۈلۈشسە، بەزىلىرى ھەيرانلىقتىن كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ بىردە ئىشىككە بىردە ئانا دادىغا قاراشتى.

دادام خوشنىلارنى ئۇزىتىپ قويۇپ، مىجىتاخۇن سېكرىتارلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا كۆزلىرى قان قۇيغاندەك قىزىرىپ، مۇشتىنى چىڭ تۈگۈۋالغان دادام خۇددى ھازىرلا ئۇرۇشۇپتىمىدىغاندەك بىر ئەلپازدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى، ئاندىن ئالدىمغا دېۋەيلەپ كەلگىنىچە سوراققا چۈشتى:

ـ گەپ قىلە خۇمسى! مەن سېنى ئوغۇل بالا دەپ باقمىدىممۇ؟ ئالمەن دېگىنىڭنى ئېلىپ بېرىمەن دېدىم، يۈزۈم سورۇن بولسىمۇ، خەقنىڭ ئالدىدا سارغايسامۇ چوقۇم ئالمەن دېگىنىڭنى ئېلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلدىم. ‹‹ئېلىپ بەرمەيمەن›› دېسەمغۇ شۇنداق قىلساڭ، ‹‹ئېلىپ بېرەي›› دەپ تۇر سامۇ يەنە يۈزۈمگە پوق سۈركەپ يۈردۈڭمۇ نىجىس؟! ئاۋۇلارنىڭ ئالدىدا مېنى ئۆلسۇن دېدىڭمۇ ئىتنىڭ بالىسى؟!...

ـ ۋاي نېمە بولدىلا بىر دەمدىلا، قانجۇق ئىت تالىۋالمىغاندۇ سىلىنى؟ ـ دېدى ئانام جىددىيلىشىپ دادامنىڭ بىلىكىدىن

تارتقۇشـــلاپ، ـ گەپ بولســـا چىرايلىق دېمەمدىڭلا بالىنى قورقۇتماي . . .

ـ قايسى قىلغان چىرايلىق ئىشىڭغا چىرايلىق گەپ قىلــدىكەنمەن ھە؟ چىرايلىق گەپ قىلغۇدەك ئىش قىپتىمۇ، ئۆزىدىن بىر ســوراپ باقە ئەتىۋارلىق ئوغلۇڭنىڭ!

تووۋا! بۇگۈن جىمى ئىنســانلارغا كىســەل تەگــدىمۇ نېمە؟ بىرســى ھېچگەپتىن ـ ھېچگەپ يوقلا ئۆنــدەرەپ كىرىــپ ئوڭ ـ تەتۈر تىللاپ، يىغلاپ، ئۆزىنى ئۇرۇپ كەتســە، يەنە بىرى ئۇخلاپ جۆيلىگەندەك بىكاردىنلا ئادەم تىللىســا، مەن زادى نېمىش قىلــدىم بۇنچە قىلغۇدەك؟ كــاشــكى، گۇناھىمدىن كىچىككىنە دەپ بېرىپ ئۇرۇپ مىجىۋەتسىمۇ مەيلىتىغۇ!

ـ ۋاي جېنىم دادا، ھېلىمۇ شـــۇ نېمىش بولغىنىنى دەپ بېرىپراق ئاندىن تىللىغىلى تۇرغان بولساڭ! مەن ھېچنېمىنى بىلمىسەم، ئۇنداق، ھەممىڭلار ‹‹قۇرســقىمىدىكىنى تاپ›› دەپ تۇرىۋالســاڭلار مەن قانداق قىلىمەن؟

ـ ھەي، ئاۋۇلارنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ، ئالداپ ـ شىلاپ قىزنى كىلىن قىلىپ كۆچۈرۈپ كىرىۋالغىچە قىسىپ تۇرساڭ بولمامدى؟، ـ دېدى دادام قوللىرىنى شىلتىپ، دومبا ـ چۆگۈندەك قايناپ سۆزلەپ، ـ نېمە نومۇس ھە ئويلاپ باققىنا!؟ ئىست، ئىست! ياش چاغلىرىمىزدىكى ئىشلارنى ‹‹شۇنداق قىلسۇن›› دەپ ئېيتىپ بەردى دەپ قالدىڭما ئەقلى يوق توخو پوقى؟ ھەي، ئۇ دېگەن قاي زامان، ھازىر دېگەن قاي زامان؟ قىزنى بەرمىسە نومۇسىغا تېگىدىغان گەپ بارمىكەن ھەي دەلتە؟ ئاشۇ قىز بالىغىمۇ مىڭ لەنەت! ھەر قانچە تەگكىسى كېلىپ كەتسىمۇ ئوغۇل بالىغا ئۆزىنى تۇتقۇزامدۇ دەيمەندە ئىست!...

دادام ساقىلىنى يۇلغىدەك بولۇپ سىقىمداپ كەتتى، جان ئاچچىقىدا سۆزلىگەن بولغاچقا ئېغىزىدىن چاچرىغان تۈكرۈكلىرى ساقىلىغا چۈشەتتى. نېمە ئىش بولغىنىنى سەل ـ پەل ئىلغا قىلغاندەك بولدۇم. دېمەك... توختا، يا ماۋۇ خەق ‹‹قىزىمىزغا چېقىلدى›› دەپ

ماڭا تۆھمەت قىلماقچى، ياكى بولمىسا نۇرنىسا ئۆيىمىزنىڭ كىلەرگە يالغان ئېيتىپ، شاپاقىقا پوقنى ئۇستى.

ـ دادا، توختا دادا! ئېنىقراق دەپ بەرگىنە ئوبدان دادا، ئاۋۇ ئادەمنىڭ سەتلىرى ساڭا نېمە دېدى؟ مېنى قارىلاپ بىر نەرسە دېگەن ئوخشىمامدۇ؟، ـ دېدىم مەن دادامنىڭ قولىغا ئېسىلىۋېلىپ، يىلىنغان ھالدا.

ـ ھە! دېدى! دېگەنىدىمۇ يۈزۈمدىن ـ يۈزۈمگە دېدى! «شۇنداق چىرايلىق بالا بولدى، خۇدايىم ئىنساپ ـ دىيانىتىنى بەردى» دەپ يۈرسەم ئەسلى بىر كالا بېقىپتىمەن كالا! مىجىتاخۇنلار «سىلىنىڭ بالا بىزنىڭ قىزنى ئالداپ نومۇسىغا تېگىپتۇ، قانۇنغا بارىمەن» دەپ يۈرىدۇ. ئىست ساڭا قىلغان ئەجىر...

ـ توختا دادا! مەن چۈشەندۈرەي. زىنھار قارا... ھەرگىز ئۇنداق ئىش يوق....ـ دادامنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ مېڭەمدىن تۈتۈپ چىقىپ كەتتى. ئوگۇم تورماق چۈشۈمدىمۇ نۇرنىساغا يېقىن يولاپ باقمىغان

تۇرسام، بۇ گەپ نەدىن چىقىدۇ ئەمدى؟ ، ـ يوق دادا ، ئۇ نداق ئىش يوق. ئاللاھنىڭ ئالدىدا ساڭا قەسەم قىلىپ بېرەي، نۇرنىسا ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇ نداق ئىش بولۇپ باقمىدى. خۇدا ھەققى، ماڭا ئىشەنگىن جېنىم دادا!

قانداق چۇ شەندۈرەي؟ پاك ئىكەنلىكىمىزگە، ئوتتۇرىمىزدا ھېچقانداق ئىش يوقلىقىغا دادام بىلەن ئانامنى قانداق ئىشەندۈرەي؟ دادام گەپىنىڭ نېگىزىنى دېگەندىن باشلاپ ئېغىزىنى تۇتۇپ يىغلاشقا باشلىغان ئانام مانا ھازىر راسا ھۆ تارتىپ نەغمە قىلىشقا ئۆتكەن ئىدى. بىردە ئانامغا يالۋۇراتتىم، بىردە دادامغا. بۇنىڭ تۆھمەت ئىكەنلىكىنى قانداق قىلىپ ئىسپاتلارمەن؟ بۇ زادى كىم كۆتۈرۈپ قوپقان گەپتۇ ئەمدى...

ـ ئاۋۇ نۇرنىسايىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا سېنى ‹‹ماڭا چېقىلدى›› دەپتۇ. يەنە تېخى ‹‹شۇنىڭغا بەرمىسەڭلار ئۆلۇۋالىمەن، ئۇرۇپ ئۆلتۈرىۋەتسەڭلارمۇ سىلەر تاپقان لايىققا تەگمەيمەن›› دەپ قورقۇتۇپ، ئۆيىدىكى

ھەممىسىنى تىللاپ، ۋارقىراپ، كىم يېقىن كەلسە ئۇرۇپ، كۆچى يەتمىسە چىشلەپ، قولىغا چىققاننى ئېتىپ، چېقىپ، پۈتۈن ئۆينى بېشىغا كىيىپ ساراڭلىق قىپتۇ. مانا سەن قىلغان ئىشنىڭ تاماشاسى!

نېمە دەيمەن ئەمدى؟ «بىر پۇل بېرىپ ئۇ سۇلغا سالسا ئون پۇل بېرىپ توختاتقىلى بولماپتۇ» دېگەندەك، مونو ساراڭ جىننىڭ تاپقان ئىشىنى كۆرمەمدىغان!؟ «سېنى چوقۇم ئالىمەن، سەنمۇ گېپىڭدە چىڭ تۇرمىساڭ بولمايدۇ، قانداقلا ئىش بولسىمۇ ماڭا تېگىشتە چىڭ تۇرالىساڭ چوقۇم توي قىلالايمىز» دېگەنتىمغۇ ناھايىتى!؟ رازىلىق بېرىشكەندىن بېرى ئىككى قېتىملا مەڭزىگە سۆيۈپ قويغىنىم ئېسىمدە، شۇنچىكى سۆيگەنگىمۇ چېقىلغان بولارمەنمۇ ئەمدى؟ قانداق قىلسام بولار شۇ تاپتا!؟ ئۆيدىكىلەر كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ، مەندىن بىرەر گەپ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇدۇ. بىراق قاراشلىرىدىن ھەر قانچە گەپ قىلساممۇ ماڭا ئىشەنمەيدىغانلىقى چىقىپلا تۇرۇدۇ.

ـ ھەي، زوۋانىڭ تۇتۇلۇپ قالدىغۇ؟ ئوغۇل بالا بولغاندىكىن گاچچىدە بىر گەپ قىلساڭ بولمامدۇ لامزەللە گۇي!؟

ـ ماقۇل دادا، لېكىن قارا... مەن راست گەپ قىلىمەن، ئۆلمىدىغان ئىش بولسىمۇ راست گەپ قىلىمەن. ئەگەر مېنىڭ دادام بولساڭ ماڭا ئىشەنمىسەڭ بولمايدۇ...

ـ ما كىسپۇرۇچىنىڭ گەپلىرىنى تېخى! داداڭ ئىككەنلىكىمدىن گۇمان قىلىدىكەنسەن دېگىنە!ـ دېدى دادام كۆزلىرى چاچراپ چىققۇدەك چەكچىيىپ،ـ شۇمۇ سېنىڭ قىلغان گېپىڭمۇ بەچچىغەر؟

ـ ياق، دادا... دەيمەنغۇ... ئەمدى شۇ... سېنى ماڭا ئىشەنمەي قالارمۇ دەپ... ئەنسىرەپ...

ئويلىمايلا دەپ تاشلىغان بۇ گېپىمدىن بەكلا خىجىل بولدۇم. جىمىدىيلەشكىنىمدىن شۇنداق دەپ سالغىنىم ئۈچۈن پۇشايمان قىلدىم. مەيلى نېملا دېمەيلى، بۇ ئىشتا

ئاتا ـ ئانام ماڭا ئىشەنمىسە تەلتەكۆس قارا بولاتتىم.

ـ دېگىنە، زادى نېمە گەپ بۇ؟

ـ قارا دادا، نۇرنىسا بىلەن ئوتتۇرىمىزدا ھېچقانداق ئىش يوق. خۇدانىڭ ھەققىدە بىز پاك. مەن ئۇنىڭغا ئانامنى مىجەتاخۇنكامدىن قانداق تارتىۋالغىنىڭنى دەپ بەرگەن... سەن ئىرادەڭدە چىڭ تۇرالىساڭ چوقۇم توي قىلالايمىز دېگەنتىم... لېكىن ھازىرغىچە نۇرنىساغا يېقىنراقمۇ ئولتۇرۇپ باقمىدىم. ماڭا ئىشەنگىن دادا، ئوتتۇرىمىزدا ھېچ ئىش بولغىنى يوق...

ـ راستىمۇ؟ ئاللاھنىڭ ئالدىدا قەسەم قىلالامسەن؟ ـ دادام گەپلىرىمنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى. ئاندىن خۇشال بولغان ھالدا مۇرىلىرىمدىن تۇتۇپ چىڭگىدە قىستى، ـ يالغان گەپ قىلساڭ خەقنىڭ ئالدىدىمۇ، ئاللاھنىڭ ئالدىدىمۇ قارا يۈز بولۇپ كېتىمىز بالام. جان چىقىپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ راست گەپ قىل!

ـ راست دادا، يالغان گەپ قىلغان بولسام دوزىخى بولۇپ كېتەي!

ـ ئىللا ـ بىللا چوقۇممۇ؟

ـ ئىللا ـ بىللا چوقۇم! ئىمانىم بىلەن كاپالەت بېرىمەن!

ـ كۆردۈڭمۇ ئانىسى، ـ دادام قاتتىق هاياجانلىنىپ قولۇمدىن تارتقان پېتى ئانامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئانامۇ كۆزلىرىدىن ياش تاراملىغان هالدا ۋېلىقلاپ كۈلۈپ بىزگە قاراپ تۇراتتى، ـ ئوغلۇم مېنى تارتىپتۇ. مەندەكلا غورورى بار، هايالىق بالا بولۇپتۇ. تېخى كۆزى چۈشكەن قىزنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ شۇنچە چوڭ ئىشتىمۇ بىلىنى باغلاپ ئالدىغا چىقالغۇدەك قىلىۋېتىپتۇ. ياق، ياق، ئوغلىمىز مېنى بېسىپ چۈشۈپتۇ. ئەينى چاغدا سەن توغرىلىق مەن يامان گەپ تارقاتقان، لېكىن باللارنىڭ ئىشىدا ئوغلىمىز ئەمەس كېلىنىمىز يامان چىقىپتۇ...

ـ ۋيەي، سەتلىشىپ يۈرۈشلىرىنى كۆرەيمۇ، خۇددى شۇنچە كاتتا ئىش قىلىۋەتكەندەك،

نېكەمـدىكى ئىشـــلارنىـڭ مېزىنى چوۋۇپ يۈرۈيدىكەنلا . . . بالىنىڭ ئالدىدا ســـەت ئەمەسمۇ.

ئانام شـــۇنداق دەپ ياشـــلىرىنى ســـۈرتتى. دادامـمۇ «ئۇف» دەپ يېنىك تىن ئالدى.

شـــۇ كۈنى كەچتە ئۆيدە ئېغىر مەســـلىھەت بولدى. دادام نۇرنىسا ئىككىمىزنىڭ ئىشىدا ئالدىرىماســـلىقنى، مىجىتاخۇنكامـلارنىڭ ئاچچىقى سەل يانغاندا قىز سوراپ يەنە بىر كىرىپ باقىدىغانلىقنى، ھازىر بۇ ئىشـــقا كىرىشـــىۋالســـاق ئىشـــنى خېمىغا ياندۇرۇپ قويىدىغانلىقىمىزنى تەھلىل قىلىپ سۆزلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، مىجىتـــاخۇنكـــامـلارنىـڭ ئۆيدە ئۇنچىلىك گەپ - ســـۆزلەر چىققان ئىكەن بۇ گەپ ھـــامـــان تـــاراپ كەتمەي قالمايمىش. ئەگەر شـــۇنداقلا بولســـا مىجىتاخۇنكامـلارمۇ يۈزىنىڭ تۆكۈلۈشـــىدىن ئەنسىرەپ بولىسىمۇ نۇرنىسانى ماڭا چېتىپ قويـــارمىش. بۇ گەپكە چىن پۈتســـەممۇ، نۇرنىســـا كۆتۈرۈپ قوپقان «چېلىقىش» ئىشىنىڭ تارقىلىپ يۈرۈشـــىگە ئىشـــەنمىدىم.

چۈنكى ئىمانخاچام نۇرنىسانى قازنىقىغا سولىشۇالغان تۇرسا، جىدەل ـ ماجرا چىقىسمۇ ئۇلارنىڭ ئۆي ـ ئىچىدە چىقىدىغان تۇرسا، بۇ گەپلەر قايسى تەرىپىدىن پۈت چىقىرىپ تارقىلىپ يۈرەتتى؟ ئەمما چوڭلار شۇنداق دەۋاتسا ماقۇل دېمەي نېمە چارە؟ يەنە كېلىپ بۇ ئىشتا دادامنىڭ ماڭا ئىشەنگىنىنىڭ ئۆزى چوڭ ئىش ئىدى. گەپلەر شۇنداق مەسلىھەت تاپتى. مىجىتاخۇنكاملار يەنە قانداق پوزىتسىيە بىلدۈرىدۇ، قاراپ باقىدىغان بولدۇق.

مىڭنى قىلسا چوڭ دېگەننىڭ چوڭلىقى بار ـ دە! دادام ئىشنىڭ كېيىنلىكىنى ھەققەتەن توغرا قىياس قىلغان ئىدى. نۇرنىسانىڭ ئاچىسى زەينەپ مەھەللىنىڭ چېتىدىكى ياردا گىلىمقتا قوي بېقىۋېتىپ، مۇشۇ مەھەللىلىك بۇۋىسۇدە ئىسىملىك قىزغا نۇرنىسانىڭ ئۆيىدىكىلەرگە ئېيتقانلىرىنى چالا قويماي تۆكۈپ بېرىپتۇ. بۇ قىز ئۇبدان بىر خەۋەر تاپتىم دەپ خوش بولۇپ كەتتىمۇ، ياكى سەھرا يېرىنىڭ ئەزەلدىنلا غەيۋەت ـ

شىكايەت تىز تارقىلىدىغان ئەنئەنىسىگە بوزغۇنچىلىق قىلغۇسى كەلمىدىمۇ، بىر كۈن ئىچىدىلا بۇ «چېلىقىش» ۋەقەسىنى سورىغان - سورىمىغانلىق ھەممىسىگە دەپ بېرىپ، پۈتۈن مەھەللىگە پۇر كەتكۈزىۋېتىپتۇ. ئاڭلىغانلار خۇددى مەھەللىمىزدىن غەلىتە مەخلۇق چىققاندەك، ماڭا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ قارىشىدىغان، بەزىلىرى يىراقتىنلا غەلىتە كۈلۈپ سالام قىلىپ، كۆزۈمنىڭ ئىچىگە سەت قارايدىغان بولۇپ قالدى.

شۇنداق قىلىپ بۇ ئىشلار مەھەللىگە تامامىي تارقىلىپ بولدى. ئەمدى مىجىتاخۇن سېكرىتار ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەرنىڭ بۇ ئىشلارغا نېمە دەپ، قانداق پوزىتسىيە بىلدۈرىدىغانلىقىغا قاراپ، شۇ تەرەپنى تىڭشاشقا چۈشتۇق. ئۇلار جىم ئىدى. بىراق ئىماندىخاچام مېنى كۆرسە خۇددى نىجاسەتنى كۆرگەندەك يىرگەنگەن قىياپەتتە قارايتتى. زەينەپ بولسا بۇرۇنقىدەكلا سېپسىقنى چىقىرىپ يۈرەتتى. مىجىتاخۇن سېكرىتارنى تالا - تۈزدە

كۆرمەيتتۇق. بەلكىم بۇ ئىشلار ئېغىر كېلىپ، يۈزىدىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش تەس كەلگەن چېغى، ئۆيىدىن بەك چىقمايدىغانلا بولۇپ كەتتى.

بىر كۈنى دادام «ئەمدى ۋاقتى كەلدى» دېدى ۋە تۈنجى قېتىم ئەلچىلىككە بىللە كىرىشىپ بەرگەن ئىمام ئاخۇنۇمنى ئالدىغا سېلىپ، مىجىتاخۇنكاملارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىشتى. ئۇلار سىكرىتارىمىزنىڭ ئۆيىدە خېلىلا هايال بولدى. يېنىپ چىققان ۋاقتىدا هەر ئىككىسىنىڭ يۈزلىرىدە كۈلكە پارلايتتى. دادامنىڭ دېيىشىچە ئىمانىخاچام دادىلارغا تۈزۈك چىراي ئاچماپتىمىش، لېكىن مىجىتاخۇنكام ئۇنداق قىلماپتۇ. نۇرنىسانى ماڭا ئىككىنچى قېتىم سورىغىنىدا ئىمانىخاچام ئاياق - قوشۇقنى ئۆچى باردەك تاراقشىتىپ تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ، مىجىتاخۇنكام بولسا بۇ ئىشقا ئۆزى يالغۇز جاۋاپ بېرەلەيدىغانلىقىنى، ئاۋال ئىمانىخاچامغا بىر مەسلىهەت سېلىپ باقىدىغانلىقىنى، ئاندىن نۇرنىسانىڭ ئاغزىغا

بىر قارىشۋەتمىســـە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، چىرايلىق گەپ بىلەن يولغا ســـاپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئـاڭلاپ ھەر ھـالـدا خـاتىرجەم بولـدۇم. دادامـۇ «ئەمـدى ئۇلارنـىڭ «ماقۇل» دېگەن بىر ئېغىز گېپىلا قالدى» دېگەندىن كېيىن، تامامەن كۆڭلۈم تىندى.

ئـارىـدىن خېلى ۋاقىتلار ئۆتۈپ كەتتى. مىجىتاخۇنكام ئىمانىخاچامغا مەســـىلىھەت سېلىپ بولالمىدىمۇ ياكى نۇرنىسانىڭ ئاغزىغا تېخىچە قاراۋاتامدۇ، ئىشـــقىلىپ ئۇچىنچى، تۆتىنچى قېتىملىق قىز ســـوراقلاردا يەنە شـۇ جاۋاپلارنى بېرىپ يانىدۇرىشۋەردى. دادامۇ «مانا بولۇپ قالار، ئەنە ئۇناپ قالار» دەپ ئاغزىمىنى تاتلىق قىلىپ يۈرىشۋەردى. كېيىن ئۇقســـاق، مىجىتـاخۇنكـام بىلەن ئىمانىخاچامنىڭ قىزىنى ماڭا بەرگۈسى يوق، نۇرنىسا بولسا ماڭا تېگىشتە چىڭ تۇرغاچقا بۇلار قـاراردا بىرلىككە كېلەلمەي ۋاقىتنى ســـوزغـان گەپكەن. «بەرمەيمىز» دەي دېســـە، ھېلىمۇ ســاراڭلىقنى يەتكىچە قىلىپ تۇرغـان قىزىنىـڭ بىرەر ئىش چىقىرىـپ

قويۇشىدىن ئەنسىرىگەن گەپ. «بىرەيلى» دەپ دىبىسە، ياشلىقتىكى ئاداۋەت، قىرىدىغانلىقى ئۆچمەنلىكنىڭ قوقاسلىرى يۈرىكىدىن كەتمىگەن گەپ. شۇنىڭ بىلەن ئازراق ۋاقىت ئۆتسە قىزىنىڭ ساراڭلىقى ئۆگىشىلىپ قالامدىكىن دەپ، قاراپ بېقىش نىيىتىدە جاۋاپنى كېيىنگە سۈرۈۋەرگىنى ئىكەن. شۇنىڭغىچە نۇرنىسا ئىككىمىزمۇ جىگدە تۈۋىدە ئۇچرىشىپ، گەپ ـ سۆزلەر بولىسا دېيىشىپ تۇردۇق. ئىشقىلىپ ھامان تويى قىلىمىز دېگەن ئىدىيەدە ئىدۇق. بارا ـ بارا خۇۋالىشىپ يۈرگىنىمىزنى پۈتۈن مەھەللىدىكىلەر بىلىپ كەتتى، ھەتتا ھېچقانچە يېڭىلىق تۇيۇلمايدىغان بىر ھالەتكىمۇ ئۆتتى.

نۇرنىسا ئانىسىنىڭ يىپقا ئۆتكۈزۈپ قويغان چار مېغىزلىرىنى، بالىلىرىغا بېرىشكە، ئۆزى يېيىشكە كۆزى قىيماي، ھېيت ـ ئايەملەر ئۈچۈن دەپ تىقىپ قويغان بادام ـ ياڭاق، گۈلە ـ قاقلىرىنى ئېلىپ چىقىپ ماڭا بېرەتتى. بىز ئەتە ـ ئاخشاملىرى كۆرۈشۈپ

ئۆيلىرىمىزدە نېمە ئىش بار، خەۋەرلىشىپ تۇراتتۇق. ئوغۇل بالىچىلىقتە، نۇرنىسانىڭ ئۆيىدە مىجىتاخۇنكامدىن باشقىلىرى ھەممىسى ئايال كىشى بولغاچقا ئېتىز ئىشلىرىنىڭ غول ۋاقىتلىرىغا ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىدىغان بولدۇم. باشتا مىجىتاخۇنكام ئۇنىمىدى، دادام ‹‹قېلىنلىق قىلىپ بېرىۋەر، ئىشنىڭ يولى شۇ›› دەپ ئۆگەتكەندىن كېيىن بۇ ئىشمۇ ئەپلەشتى. شۇ باھاندا نۇرنىسانى كۆپرەك كۆرۈۋالاتتىم، ھەمدە بولغۇسى قېيناتا - قېينانىلىرىمغا ياخشىچاق بولىۋالاتتىم. ھەر نېمە دېگەن بىلەن ئۇلارمۇ سەل - پەل يۇمشىدى. بىرلا يېرى - مەن ئېتىزغا چىقىپ ئۇلار بىلەن بىللە ئىشلىگەندە زەينەپ ھەرگىز چىقمايتتى، تاكى ئىش تۈگەپ ئۆيگە قايتقىچىلىكمۇ ئۇنى كۆرمەيتتىم. بۇ تەرىپى كۆڭلۈمنى غەش قىلاتتى. ‹‹ئەگەر نۇرنىسا بىلەن توي قىلىپ قالسام تۇغقان بولىمىز، شۇ چاغدىمۇ مۇشۇنداق تەتۈر قارارمۇ؟›› دەپ ئەنسىرەيتتىم.

چوڭ بولساممۇ پالاكەت ئىلكىدىن قۇتۇلالمىدىم. بەزى - بەزىدە قىلغان ئىشلىرىمدا ئاۋارىچىلىق تېرىپ يۈرۈپ يولىسىمۇ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالدىم. دادام ھەدېسە ئىش ئۆگۈتۈپ ئاۋارە ئىدى.

بىر كۈنى كۆڭلۈمنىڭ ياخشىلىقى تۇتۇپ كېتىپ، مىجەزىمگە تاخۇنىڭ كاللىسىدەك بىر تەرىپى ئاجراپ كېتىپ مايماق بولۇپ قالغان پەغەزنىنى ئوڭشاپ بېرىمەن دەپ ئۆلارنىڭ ئۆگزىسىگە چىقتىم. پەغەز ئېغىلغا ياندىش سېلىنغان ساماننىڭ ئۆگزىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولغاچقا شۇ يەرگە چىقىشقا توغرا كەلدى. سوقما لاي تاملىق بۇ ساماننىڭ ئۆگزىسىنى ئۈستىنى شامال ئۇچۇرۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن مۇنداقلا يېپىپ قويغانلىقىنى نەدىن بىلەي؟ ئۆگزىگە چىققىنىمنى بىلىمەن، شۇنداقلا دەسسىشىم بىلەن يىرتىق تاغاردىن چامغۇر تۆكۈلگەندەك ساماننىڭ ئارىسىغا چۈشۈپ كەتتىم. ئەڭ چاتاق بولغىنى، بۇ ئۆيدىكى گومىنداڭنىڭ قالدۇقلىرى ساماننىڭ قولۇپ سېلىپ

قويىدىغان بولغاچقا تېشىغا چىقالمىدىم. ۋارقىراپ باقتىم، ئىشىكنى مۇشتلاپ چاقىرىپ باقتىم، بايا چۈشكەن يېرىمدىن ئۆگزىگە يامىشىپ باقتىم، ئۈستىبېشىمغا سامان تۆكۈلۈپ، ئەسلىدىنلا ۋەيرانە تۇرقۇم تېخىمۇ ۋەيرانە بولۇپ كەتكەندىن باشقا پايدا بولمىدى. ھېچ ئامال قىلالمايۋاتقان كەچ كىرىشىنى، ماۋۇ چاشقان تۆشۈكىگىمۇ قۇلۇپ سېلىشتىن يانمايدىغان جانابى قېيناتام ياكى شۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولمىش بىرەرسىنىڭ كېلىپ مېنى چىقىرىۋېتىشىنى ساقلاشقا توغرا كەلدى. شۇ چاغقىچە ئەسكى سامانلىقتا توڭلاپ تىترەپ، كاچكۇلىغا چۈشكەن مۈشۈكتەك جاقىلداپ ئولتۇردۇم.

يەنە بىر كۈنى ئۆيىمىزنىڭ ئالدىغا ئارغامچا تارتىۋېلىپ كىر يېيىۋاتقان ئىماندىخاچامنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدىم. قارىسام كەينى تەرىپىمدە يېيىقلىق تۇرغان قويۇلغان بىر دانە تامبال ئارغامچىدىن چۈشۈپ كەتكەنمۇ، ئىشقىلىپ تۇپىغا مىلىنىپ لاي بولۇپ يەردە تۇرۇپتۇ.

مەنمۇ ئىشەنمىنى قىلىپ يولۇمغا ماڭسام بولىدىغان نېمە، ياخشى كۆڭلۈم بىلەن:

ـ ئىمانىخاچا، تامبال چۈشۈپ كېتىپتۇ، ـ دەپتىمەن.

ـ نېمە؟، ـ دېدى ئۇ گېپىمنى ئاڭقىرالمىغاندەك كۆزىنى چىمچىقلىتىپ قاراپ. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۇنچىۋالا دۆتلىكىنى مەن بىلمەيمەندە!

ـ تامبىلىڭىز چۈشۈپ كېتىپتۇ دېدىم، ئا تام بال... ـ مەن يەردە تۇرغان تام بالنى ئىشارەت قىلىپ كۆرسىتىپ بولغىچە ئۇ پىشى پۇتلىرىغا يۆگۈشۈپ تۇرغان ئۇزۇن كۆينىكىنىڭ ئېتىكىنى قايرىپ، كىيىۋالغان تامبىلىغا قارىدى ۋە تامبال بېغىچە تۇتۇپ تەكشۈرۈپ باقتى. قارىماققا ئىمانىخاچام جىددىيلىشىپ قالغاندەك تۇراتتى. مېنىڭ بايىقى گەپلىرىمنى ئاڭلاپ، ئىمانىخاچامنىڭ قىلىقلىرىنى كۆرۈپ تۇرغان بىر نەچچە خوشنىمىز پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ ئىمانىخاچامنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى ـ دە، شۇ يەردىلا ماڭا تىل سالدى:

ـ يوقالغىنىڭ ماڭا زىننا سۆيدۈككى هاراملىق! بەز ماردىغان مۇشۇكتەك ئىشىكىم تۈۋىدىن كېتەلمەيسەن، پوق بارمۇ سەن تازىغا ئۆيۈمنىڭ ئەتراپىدا؟! شۇنچىلىقمۇ قىلىن بولدىكەن ئادەم دېگەن، هەي ئادەم دېگەن ئازراق ئىزا تارتىشنى بىلگۈلۈك. شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى بىز بىر ئۆيلۈكنى ئەخمەق قىلغىنىنى يەتمىگەندەك، ئەمدى بۈگۈم مېنى ئەخمەق قىلماقچىمىدىڭ لەنىتى شۇم...

ئۆيىمىزنىڭ كەينىدىن بىر قۇچاق ئوتۇن كۆتۈرۈپ كىرگەن ئانام ئىماندىخاچامنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئېنىق ئاڭلىغان گەپ. مەن زورىغا چىدىدىغان بۇ گەپلەرگە ئانام چىدىمىدى بولغاي، شۇ زاماتلا ئىماندىخاچامغا گەپ ياندۇردى:

ـ گەپ قىلمىسا نېمە بۆشۈكنى تەۋرىتىپ قويغاندەك ئاقچى ـ كۆكچى دەپ تىللاپ كېتىلا ئىمانخان؟ زىنادىن بولغانلىقنى سىلى بىلەتتىكەنلىدە دادىسى بالا تاپقاندا قاراپ تۇرغاندەك! ئاغزىلىرىنى چايقىۋېتىپ گەپ قىلسىلا! ئولتۇرۇپ قالغان ماڭقىلىرىنى

ئېلىپ بېرەيلى دېدۇق، شۇنچە يامان كەتتىمۇ؟ نېمىلەرگە نېمە يەتمەي سەت گەپ قىلىپ تىللايلا مېنىڭ بالامنى؟ ھەر ئىشنىڭ ھېساۋى بار ئىمانىخان. شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى سىلىگە كۆيئۈغۈل بولمەن دەپ قىلمىغانلىرى قالمىدى بۇ بالىنىڭ، ئالدىلىرىدا قىلىپ سالغان قايسى گۇناھىغا شۇنچە دوقۇسلاپ قاپاقلىرىنى ئاچمايتتىلە؟ ئەر ئالمىغان ماڭقىلىرىنچۇ، كىمگە بەرسىلە بېرىۋالسىلا! مەن ئۇنداق ماڭقۇشلىرىنى ئوغلۇمغا ئېلىپ بەرمەيمەن تازا! «مەن كۆتۈمنى ياراتمايدىغان بوسۇرۇپ ئولتۇرىمەن، كۆتۈم مېنى ياراتماي ئوسۇرۇپ ئولتۇرىدۇ» دېگەندەك، ھەجەپ ھاللىرى يوغانكەن. ئاسماندىن چۈشكەن كۆك مۇنچاق ئەمەس سىلىمۇ، بىلىمىز ئىمانىخان ھەممىلىرىنى! گەپ قىلمىسا بوزەك چاغلايدىكەنا بۇ...

خوشنىلار تۇشمۇ - تۇشتىن كېلىپ ئانامنى بەزلەپ بىزنىڭ ئۆيگە ئەكىرىپ كېتىشتى. ئىمانىخاچام ئانامنىڭ گەپلىرىگە چىدىمىدىمۇ، تېخى يېيىپ بولمىغان

كىرلىرىنى داس بىلەنلا كۆتۈرۈپ يىغلامسىرىغان پېتى ئالدىراپ هويلىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ توختىماي مىتىلدىشىدىن ئانامنى ياكى مېنى ئىچىدە قارغاپ تىللاۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

شۇ كۈنى كەچتە ئانام «نۇرنىسانى ئېلىپ بەرمەيمەن، ئاشۇ ئەمانەكنىڭ ئالدىدا بولسىمۇ چىكىپ تاللاپ تۇرۇپ پەرىزاتتەك قىز ئېلىپ بەرمىسەم» دەپ كېچە تەڭ بولغىچە قايناپ كايىپ چىقتى. دادامنىڭ تەسەللىي بېرىپ گەپ ياساشلىرى، مېنىڭ چىرايلىق گەپ قىلىپ كۆڭۈل قويۇشلىرىم ئانامغا كار قىلمىدىغاندەك قىلمايتتى. ئىشقىلىپ كۆڭلۈم بەكلا غەش بولدى. بۇ ئىشلارنىڭ مۇنداق ئۇسال هالغا كېلىپ قېلىشىنى پەقەتلا ئويلىمىغان ئىكەنمەن.

ئەتىسى ئاشۋاختىدىن سەل ئاشقاندا كىرسىن چىراغقا سالىدىغانغا پىلىك ئېشىپ ئولتۇرسام، قوتاندىن موزاي چىققاندەكلا ئەمشىكىنى داراقشىتىپ ئاچقان پېتى نۇرنىسا كىرىپ كېلىۋاتىمامدۇ، ئەلپازىغا قارىسام

چېلىش مەيدانىغا ماڭغان جامبازدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. دادام بىلەن ئانام ئۇن تارتقىلى تۆگمەنگە، ئىنى - سىڭىللىرىم مەكتەپكە كەتكەن ئىدى. ئۆيدە يالغۇز بولغاچقا بىرەركىم كىرىپ قالسا گەپ تېپىپ قالارمۇ دەپ ئۇ تەرىپىنى ئويلاپ كېتىپتىمەن. نۇرنىسا كىرگەن پېتى ئۇرىدىغاندەك تەرزدە ئۇدۇلۇمغا كەلدى ۋە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ سورىدى:

- گەپ قىلە، مېنى ئالامسەن يوق؟

- ئا... ئالاي دېدىمغۇ شۇ... نېمە بولدى؟... نېمە بۇنداق...

ئۇنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ تىلىم كالۋالىششقا باشلىدى.

- ئاڭلىشىمچە ئاناڭ مېنى ساڭا ئېلىپ بەرمەيمىش. تۆنۈگۈن كەچتە بولغان ئىشلارنى ئۇقتۇم، ئانامدىن ئۆتۈپ كەتكەن يېرى باركەن. بىزنىڭ ئۆيدىمۇ ئاخشامدىن بېرى جىدەل. مېنىڭ ئانامۇ مېنى ساڭا بەرمەسلىكنىڭ جىدىلىدە چىڭ تۇرىۋالدى.

سەن باشتا «سېنى چوقۇم ئالىمەن» دېگەن بولغاچقا ساڭا ئىشىنىپ ئۆيۈمدىكىلەر بىلەن قارشىلىشىپ كېلىۋاتىمەن. ئانام مېنى ساڭا بەرمەيمىش، ھىم، بەرمىگىنىنى بىر كۆرەي قېنى! ھازىر چىقىپ بىزنىڭ ئۆينىڭ كەينىدىكى پاسار دۆۋىسىگە ئوت قويىۋېتىمەن. ئىسىڭدە بولسۇن ياسىن، ساڭا تەگكىنىم تەگكەن!...

نۇرنىسا دەيدىغانلىرىنى دەپ بولۇپ بوغۇز كالىدەك پالاقشىغىنىچە كېلەڭسىزلا مېڭىپ چىقىپ كەتتى. كەينىمدىن چىقىش ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇرغان ئىدىم، بىراق ئۇ ئىشىك سىرتىغا چىقىپلا ئىلگۈچنى ئىلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆي ئىچىگە سولۇنۇپ قالدىم. ئىسمىنى چاقىرىپ توۋلاپ باقتىم، مېنى چىقىرىۋەت دەپ ئۆتۈنۈپ باقتىم. لېكىن ئۇ خۇددى قۇلا قىدىن كە تكەندەك پەرۋا مۇ قىلماستىن ئىشىكتىن يىراقلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشى بارا - بارا يىراقلاپ ئاڭلانماي قويغاندىن كېيىن، ئەگۈننىڭ غىچ قىلغان ئاۋازى بىلەن تەڭ بىزنىڭ ئۆيگە تەۋە

بولغان بارلىق ئوي ـ تۇيغۇسى تۇغۇلۇپ شەكىللەندى غايىپ بولدى.

تىت ـ تىتلىق ئىچىدە ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىتنى تەستە ئۆتكۈزدۈم. سىرتقا چىققۇم كېلىپ چىدىمىغانسىرى دادام ـ بىلەن ئانامنىڭ خۇددى تۈگمەندە ئۇنۇپ قالغاندەك ھېچ كېلەي دېمەيتتى. ئىشىكنىڭ ئىلغۇچى بىلەن ھەپىلىشىپ قىلمىغانلىرىم قالمىدى. ھەي، دادام ئەتكەن ئىلغۇچ ـ تە، ئۆز ىدەك چىڭ، پۇختا ئەتمەي قالارمىدى؟ مېنىڭ ھەپىلەشكىنىمگە ئېچىلىدىغان نېمىنى ‹‹ئۆيۈمنىڭ ئىلغۇچى›› دەپ يۈرمەيدۇ ـ دە دادام! قانداقلا قىلسام مۇشۇ ئىشىكتىن بىر چىقىۋالسام بولاتتى.

بىر چاغدا بىزنىڭ ھويلىنىڭ ئالدىدىمۇ ياكى يان خوشنىمىزنىڭ ھويلىسىدىمۇ، ئەيتاۋۇر بىر مۇنچە كىشىلەرنىڭ ئالا ـ تويىلاڭ كۆتۈرۈپ ‹‹يۈگۈر، تىز بول، قېنى...›› دېگەندەك قىلىشقان غەۋغالىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن سىرتقا چىقىش ئىستىكىم تېخىمۇ كۈچىيىپ، تالادىكى پاتىپاراقچىلىقنى

ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگۈم كېلىپ كەتتى. تۇيغۇمنىڭ بىر يەرلىرى ‹‹نۇرنىسا تېرىغان بالا›› دەپ بىشارەت بېرىپ تۇراتتى. يەنە ئىشىك ئىلغۇچى بىلەن ھەپىلىشىشكە باشلىدىم. خېلى ھەپىلەشكەن بولساممۇ ھېچ ئۈنۈمى بولمىدى. ئاخىرى بولماي ئىچكەركى قازناق ئۆيدىن بىر تاغار قوناقنى يۆدۈپ چىقىپ غۇۋا يورۇق چۈشۈرۈپ تۇرغان تۆڭلۈكنىڭ ئۇدۇلىغا قويدۇم ـ دە، قوناق ئۈستىگە چىقىپ تۆڭلۈككە ئېسىلدىم. بىراق قولۇم يەتمىدى. ئۇ ياق ـ بۇ ياققا قاردىسام قوناق ئۈستىگە قويغىدەك ھېچنېمە يوق، بىر كەمدە كۆزۈم ئەتىگەن ئۆزۈم ئەپكەش بىلەن ئېرىقتىن سۇ ئەكىرگەن چېلەككە چۈشتى. سۇنى تۆكەي دېسەم تۆككىدەك باشقا نەرسىمۇ يوقكەن. قازانغا ۋە خېمىر يۇغۇرىدىغان تەڭنىگە تۆكۈپ چېلەكنى بىكارلاپ، بىر تاغار قوناقنىڭ ئۈستىگە دۈم كۆمتۈردۈم ئاندىن پەم بىلەن ئۈستىگە چىقىپ تۆڭلۈككە ياماشتىم. نەچچە ئېسىلىپ يامىشىپ ئاران دېگەندە تۆڭلۈك ئېغىزىغا

يېپىلغان يالتىراق بىلەن غەلۋىر قاسقىنىنى ئېلىۋېتىپ، توگىلوكتىن يامىشىپ ئۆگزىگە چىقتىم. قارىسام مىجەز تاخۇز كامالارنىڭ ئۆيىنىڭ كەينىدىن قويۇق ئىس كۆتۈرۈلۈپ، ھاۋادا تولغۇشۇپ ئوينىغىلى تۇرۇپتۇ. مەھەللىدىكى كۆپ سانلىق خوشنىلار شۇ تەرەپتە بىر ئىشلار بىلەن ئاۋارە. بىرلىرى چېلەكلەردە ئېرىقتىن سۇ توشىسا، بىرلىرى ئوت كۆيۋاتقان پاسار دۆۋىسى بىلەن ئوت تۇتۇشقا ئۈلگۈرمىگەن پاسار دۆۋىسىنى ئايرىپ، پاسار يۆتكەش بىلەن ئاۋارە ئىدى «ئاپلا!...» دېدىم ئىچىمدە. بۇ نېمە كارامەت ئەمدى؟ پېشانەمدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى. تۇرۇپلا نۇرنىسادىن قورقتۇم. مۇشۇ نداق ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ئەركەك مىجەز قىز بالا بىلەن توي قىلسام، كېيىن مەن ئۇنى خوتۇن قىلىپ ئولتۇرماقتا يوق، ئۇ مېنى خوتۇن قىلىپ ئولتۇرسا، ئۇ چاغدا قانداق قىلارمەن؟ بۇ خىيال كاللامغا كېلىش بىلەن تەڭ چۆچۈپ كەتتىم. خۇددى نۇرنىسا ھاۋادا لەيلەپ كېلىپ ماڭا

چاپلىشىۋالىدىغاندەك بىلىنىپ، ئىختىيارسىز كەينىمگە داجىپتىمەن. ئۆزۈمنى سەزمەيلا كەينىمگە پالاققىدە چۈشتۈم. سوغۇق تەرگە چۆمۈلۈپ، نۇرىدىسانىڭ خىيالى سايىسىدىن قورقۇپ ئولتۇرسام دادامنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. هايال ئۆتمەي شوتىدىن يامىشىپ دادام، ئارقىدىن ئانام ئۆگزىگە چىقتى. ئۇلار ئۆيگە كىرىپ تۆشۈكتۈك ئاستىدىكى نەرسىلەرنى كۆرۈپ بىر ئىش بولغانلىقىنى پەملىگەن بولسا كېرەك، ئالدىراپلا چىقىشىقىنى ئىكەن. مەن بولغان ئىشلارنى ئانام بىلەن دادامغا دەپ بەردىم، ئۇلارمۇ نۇرنىسانىڭ بۇ قىلغىنىدىن هەيران بولۇشۇپ «توۋا!» دەپ قېلىشتى. توۋا بىلەن ئىش تۈگىسىغۇ بولغىنى ئىدى. لېكىن دادام «بولغان ئىشلارنى مىجىتاخۇنلارنىڭ قولىقىغا يەتكۈزۈپ قويايلى، بولمىسا يەنە سېنى ئىش ئۆگەتتى دەپ يامان بىلىدۇ» دەپ تۇرۇپلىۋالدى. قانداق قىلاتتىم، ئالاي دەپ قويغان گۇناھ ئۆزۈمدە بولغاندىن كېيىن، چىدىماي بولمىدى. شۇ كۈنى كەچتە

دادامنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ يۈۋاشلىق بىلەن مىجىتاخۇنكامنىڭ ئىشىك ئالدىغا باردىم، زەينەپ ئارقىلىپ مىجىتاخۇنكامنى ئىشىك تۈۋىگە چاقىرتىپ چىقتۇق ۋە نۇرنىسانىڭ ئەتىگەن بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ نېمىلەرنى دەپ قويۇپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى تولۇقى بىلەن سۆزلەپ بەردىم.

مىجىتاخۇنكامنىڭ كەيپى جايىدا ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە، قىزى پاسارلىقىغا ئوت قويۇۋېتىپ «بەرسەڭ شۇنىڭغا بەر، بولمىسا مۇشۇنداق قېلىمەن» دەپ كۆزىگە كۆرسىتىپ ئىش تېرىپ يۈرسە قانداق دادا خاپا بولمايدۇ؟ ئەمما بۇ ئادەم قىزلىرىغا شۇ قەدەر ئامراقكى، ئالقىنىغا تەرەت قىلىپ قويسىمۇ ئاچچىقلانماي ئۆتكۈزۈۋېتەمدىكىن دەيمەن.

شۇ كېچە تاڭ ئاتقىچە زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. نۇرنىسانى زادى ئالايمۇ، ئالمايمۇ؟ بۇنداق بىشەملىكى، ئاچچىقىنىڭ يامانلىقى، قورقماسلىقى بىلەن قولىدىن ھەر بالا كەلگىدەك. كېيىنچە ئانچە - مۇنچە گەپ

تەگىشىپ قالساق ئانام بىلەن دادام تەگىشىپ قالغاندا، ئانام جىم تۇرىۋېلىپ دەردىنى كۆزىدىن ئالغاندەك ئىشلار قولىدىن كەلمىگۈدەك. مەندىن بۇرۇن مۇشت كۆتۈرۈپ، ئۇرۇپ - دەسسەپ ياتقۇزۇپ قويسا بۇ ئەركەكچىلىكتە يۈزۈمنى نەگە قويىمەن؟ ۋاي توۋا! خۇدايىم ساقلىسۇن «خوتۇندىن تاياق يەيدۇ» دېگەن ئاتاقتا قېلىشتىن. ئۇف! قانداق بولۇپ ئۇنىڭغا كۆڭلۈم چۈشۈپ قالغان بولغىيدى؟ بۈگۈنگۈ «ساڭا بەرمىسە مۇشۇنداق قىلىمەن» دەپ ئۆزىنىڭ پا سارلىقىغا ئوت قويدى. بىر چاغلار كېلىپ «سىزغان سىزىقىمچە ماڭمىساڭ مۇشۇنداق قىلىمەن» دەپ بىزنىڭ ئۆيگە ئوت قويسا... ۋاي توۋا... تاس قاپتۇغۇ مېنى قارا باسقىلى...

شۇنىڭدىن تارتىپ نەچچە كۈنگىچە نۇرنىساغمۇ، مىجىتاخۇنكاملارغىمۇ كۆرۈنمىدىم. بولسا بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرگىمۇ كۆرۈنگۈم يوق ئىدى، لېكىن بۇنىڭغا ئىمكان بولمىدى. بىراق تويغا قوپىمىز دەپ

قىلىشىدىن، مىجىتاخۇنكاملارنىڭ قىز سوراققا «ماقۇل» دەپ قىلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم. شۇنچە ئۇزۇن كۈيۈپ، ئالمەن دەپ نىيەت قىلىپ يۈرگەن بولسامۇ، ھازىرغا كەلگەندە نۇرنىسانىڭ بۇ قەدەر قاراملىقنى كۆرۈپ راستىنلا قورقتۇم. ئانامۇ قايسى كۈنى ئىماندىخاچام بىلەن خىرىلدىشىپ قالغان ئىشنى باھانە قىلىپ «پالتاڭ بولسا ئوتۇن كەممۇ، ئوغلۇڭ بولسا خوتۇن كەممۇ» دەپ بىر گەپنى كۆتۈرۈپ چىقتى ھەمدە نۇرنىسانى ئېلىشىمغا قارشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ تاش چىشلىۋالدى. بۇمۇ بىر ھېساپتا ياخشى بولدى. قىزنى بەرمىسە مەيلى، شۇ با ھازىردا مەنمۇ بۇ قارام، ئەركەك زەدەك قىزدىن قۇتۇلاي.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتتى. بىر كۈنى كەچتە كىرسەن چىراغ يورۇقىدا ئۆتۈك مىخلاپ ئولتۇرسام خۇپتەن نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە چىقىپ كەتكەن دادام ئىشىكتىن ئالدىراشلا كىرىپ كەلدى ۋە مەسچىتتە مىجىتاخۇنكام بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى،

نۇرنىسا ئىككىمىزنىڭ تويىغا رازىلىق بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ ھېجىيىپ كېتىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ مېڭەمدىن تۇتۇن چىقىپ كەتتى. ئالماسلىقنىڭ قازىنىنى ئۇ ياقتىن ئېسىپ بولغىچە بۇ ياقتىن قىزىنى تۇتقۇزۇپ قويغۇسى كېلىپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان؟ دادامغا كۆزۈمنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ بىر ھازا قاراپ تۇردۇم ۋە شۇنداق دېدىم:

ـ دادا، مەن... مەن نۇرنىسانى ئالمايمىكى...

ـ ۋوي، ـ دېدى دادام دىرىڭشىدە چۆچۈپ، ـ شۇنىڭدىن باشقىنى ئالمايمەن دەپ نوچىلىق قىلىۋاتقانتىڭ، ئەمدى نېمە بولدى بالام؟

ـ ھېچنېمىغۇ بولمىدى، شۇ... شۇ ئالمايمىكى دەپ...

ـ تووۋا ماۋۇ بالىنى، بىر چاغلاردا قىزنى بەرمىسە ‹‹بەرمىدى›› دەپ خاپا بولۇپ، ئارا كۈندە ئالتە قېتىم قاتىرىغلى سالسەن. ئەمدى بىر چىرايلىق ‹‹ماقۇل›› دېگەندە

نېمە جىن تەپكەندەك ئالا جۈيلۈپ قالغاندۇ بۇ؟ ـ دېدى دادام سەل تىرىكىپ.

ـ بوپتۇ، ئالمىسا ئالمىسۇن. ئۇنداق پىتۋاش ماڭقىنى ئالمىسىمۇ بالامغا قىز دېگەننى چېكىمىز تاللاپ تۇرۇپ ئېلىپ بېرىمەن، ـ دېدى ئانامۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ.

ـ ۋاي گەپكە لوقما سالماي جىم تۇرۇڭلار ئانىسى، ـ دېدى دادام ئانامغا چېچىلىپ، ـ مەن بۇ يەردە ئىشنى قوراشتۇرالماي ئاۋارە تۇرسام خىيالىڭلىدا يوق گەپ قىلىدىكەنسىلەر. مونو بەگ غوجام ئۆيلىغانلىرىنى دەپ باقمىسۇنمۇ ئاۋۋال، چەك باسمىغۇدەك سەۋەپ كۆرسەتسە مەن ئۇنىمايمەن ئىشقىلىپ.

ـ مەن... مەن نۇرنىسادىن قورقۇپ قالدىم. قارا دادا، بۇ قىز... بۇ قىز بەك قارامكەن، ئۆيىدىكىلىرى ماڭا بەرمىگەنگە قېيداپ ئۆزىنىڭ پا سارلىقىغا ئوت قويىۋەتسە، كېيىن ئانچە ـ مۇنچە تا كاللىشىپ قالغۇدەك بولساق بىزنىڭ ئۆيگە ئوت قويۇشتىن يانمىغۇدەك. شۇڭا...

ــ ۋاي تووۋا ، شۇنداقمۇ بولامدۇ؟!

دادام بىلەن ئانام بۇ گەپنى ئىشىتىپ ھەيران بولۇپ بوشاپ قېلىشتى. شۇنداق قىلىپ بۇ مەسىلىسىنىڭ زادى بىر ئويلاشمىساق بولمايدىغان جىددىي ئەھۋال ئىكەنلىكىگە ئۇلارنى ئىشەندۈرگەن ئىدىم. شۇنداقتىمۇ دادام قېيداپ ماڭا قارىماي قويدى. «قانداق قىلىشىڭ ئۆزۈڭ قارار چىقىرىش، توي قىلىمىز دېيىشسەڭ تويۇڭنى قىلىپ قويىمىز، توي قىلمايمىز دېيىشسەڭ ئۇنى ئاڭلارمەن» ماڭا تاشلاپ قويدى.

نۇرنىسادىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئىشەك ھارۋىلىق كېتىپ بارسام نەخ ئۆزى ئالدىمنى توسۇدى. نېمە قىلىشىمنى بىلمەي ھىجايغان پېتى ھارۋىدىن چۈشتۈم ئۇنىڭ «مەندىن ئۆزۈڭنى قاچۇردۇڭ، نېمىشقا ئۇنداق قىلىسەن؟» دېگەن سوئاللىرىغا ئېغىز بىلەن بېغى يوقلا بىر گەپلەر بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇپ كۈلۈپ تۇرىۋالدىم. لېكىن ئۇ كۆڭلۈمدىكىنى بىلىپ قالغانىدەك، «بىز نېمىشكە قاچان

داستىخانلىق ئەكىرىسىلەر؟ سېنى دەپ شۇنچە نومۇسقا چىداپ تەۋەككۈل قىلغانغا چۈشلۈق تىزراق يۈزۈمنى يورۇق قىلمىساڭ بولمايدۇ›› دەپ تۇرۇپلىۋالدى. گەپ بۇ يەرگە يەتكەندە ئارتۇق باھانە تاپالمىدىم.

ـ نۇرنىسا، بىز توي قىلمايلىمكى، ـ دېدىم قىزىرىپ ـ تاتىرىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ كۆزىدىن كۆزلىرىمنى قاچۇرۇپ.

ـ نېمىشقا؟، ـ نۇرنىسانىڭ كۆزلىرى جايىدىن چىقىپ كەتكۈدەك چەكچەيدى، ـ نېمە بولدى ئەمدى؟ بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرمۇ قوشۇلدىغۇ ئەنە؟!

ـ ئۇ... ئۇغۇ شۇ... لېكىن مەن... قارا، بىز سەل ئالدىراپ قالدۇقمىكى دەپ قالدىم. بىر مەزگىل ئۆتسۇن... ھېچ... ھېچبولمىسا ياز تەرەپلەردە...

ـ بىر كىم گەپ ئۆگەتتىمۇ؟ ئاناڭ ئۇنىمايۋاتامدۇ يا؟ راست گېپىڭنى قىل يا سىن! ساڭا تېگىمەن دەپ شۇنچە ئىزاغا، ئار ـ نومۇسقا قاردىماي قىلمىغان گۇناھنى

ئۆستۈمگە ئالدىم. ئۆيۈمدىكىلەر مېنى ئاز دۈشكەللىدىمۇ؟ ئاز ئۇرۇپ ـ تىللىدىمۇ؟ پېشانەمگە يېگەنلىرىم ئازمۇ؟ ئەمدى بولغاندا مېنى تەخسىگە چىقىرىپ قويۇپ ‹‹ئالمايمەن›› دېسەڭ مەن يۈزۈم قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمەن؟

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ زۇۋانىم تۇتۇلدى. ئۇنىڭ دېگەنلىرى راست ئىدى. دېمىسىمۇ ئۇ مېنى دەپ خېلىلا بەدەل تۆلەپ كەتتى. لېكىن بۇنى دەپلا تەۋەككۇل قىلسام بولمايدۇ. ئوتتىمىك خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ تۇتسام قولۇمنى كۆيدۈرىۋالمامدىمەن؟...

ـ گەپ قىلە! تىلىڭنى قاغا ئۈزىۋالدىمۇ؟

نۇرنىسانىڭ ۋارقىرىشى بىلەن خىيالىم ئۈزۈلدى. قارىماققا ئۇ بەكلا تاقەتسىزلىنىپ كەتكەندەك تۇراتتى. كۆز جىيەكىدە لىغىرلاپ قالغان ئىككى تامچە ياش هازىرلا دومىلاپ چۈشكە تەييار تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ هالىغا قاراپ ئىچىم ئاغرىپ قالدى. قانداقلا

بولمىسۇن بىر جاۋاپ بەرمىسەم بولمايدىغانلىقى ھېس قىلدىم.

ـ مەن سەن بىلەن توي قىلالمىغۇدەكمەن، ـ دېدىم ئاخىرى غەيرەتكە كېلىپ، ـ قارىسام سەن بەك قارامىكەنسەن. ئوغۇل باللار قىلىشتىن قورقىدىغان ئىشلارنى ‹‹قىلىمەن›› دەپلا قىلىپ يۈرسەڭ، مەن سەندىن قورقتۇم، سەن بىلەن توي قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. كەچۈرگىن نۇرنىسا، ئۆزەڭگە لايىق بىرەرسى بىلەن توي قىلىپ بەختىڭنى تېپىۋال!

گېپىمنى تۈگىتىپلا ئېشەك ھارۋامنى ھەيدەپ كېتىۋالدىم. تاكى ھويلىغا كىرگۈچە كەينىمگە بۇرۇلمىدىم. ئۇ مېنى چاقىرمىدى. بۇ ئىشنى مۇشۇنداق ھەل بولدى دەپ ئويلىدىم.

ئىككى كۈندىن كېيىن ئەپكەشتە سۇ ئېلىپ كېلىۋاتسام ئاتايىن مېنى ساقلاپ تۇرغانمۇ قانداق، نۇرنىسا ئۇچراپ قالدى ۋە كەچتە نامازشامدىن بۇرۇن جىگدە تۈۋىدىكى ماندالىققا چىقىشىمنى تاپىلاپ قويۇپ، ماقۇل بولۇش بولماسلىقىمنى كۈتمەيلا يولىغا

راۋان بولدى. ياق دېيىشكە ئۆلگۈرمىگەن ئىكەنمەن ئۇ دېگەن يەرگە چىقىشىم كېرەك ئىدى. ئەگەر چىقمىسام ئەتە قوپۇپ بىزنىڭ ئۆيگە ئوت قويۇۋەتسە قانداق قىلىمەن. ئۆزۈم خالىماي قورقۇپ تۇرساممۇ، نۇرنىسانىڭ قاراملىقىنىڭ سۆرى ئېغىر كېلىپ، بوينۇمدىن باغلاپ سۆرىگەنچىلىك قىلىپ ماندالىققا چىقتىم. «نامازشامدىن بۇرۇن» دەپ تاپىلاپ قويغان يېرىگە چىققان ۋاقتىمدا ئاللىقاچان نامازشامغا ئەزان چىققان، ئەتراپقا گۇگۇم يېيىلىشقا باشلىغان ئىدى. ئەتراپتا ئىنسى-جىن يوق، بىر خىل ۋەھىمىلىك ئىدى. بۇ يەر ئادەتتىمۇ مۇشۇنداق سۈرلۈك بولغاچقا بەك ئېرەنشىپمۇ كەتمىدىم. ماندالىققا يېقىن كېلىپ نۇرنىسانى كۆردۈم ۋە ئەيمىنىپقىنا يېنىغا باردىم.

-نېمانچە كەچ قالىسەن؟ - دېدى ئۇ مېنى كۆرۈپلا سوراققا ئۆتۈپ.

ـ قويلارغا ھەلەپ ئېتىپ بولغىچە كەچ بوپ قاپتۇ. چىقتىمغۇ مانا. نېمە گېپىڭ بار ئىدى، تېز دە. ئانام ئىزدەپ قالىدۇ...

ـ ھەجەپ ئىلگىرى ئىزدەپ قالمايتتى ھە ئۇ ئاناڭ؟ ـ دېدى ئۇ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ، ـ قىز بالا تۇرۇپ مەن چېغىمدا ئۇنداق دېمەسمەن ساڭا نېمە قويدى بۇ يۈزى تۆۋەنلىكنى؟ سەندە زادى بىر گەپ بار. يا باشقا بىرىنى كۆزلەپ قالدىڭ، يا بولمىسا ئۆيۈڭدىكىلەر ‹‹نۇرنىسانى ئالمايسەن›› دەپ قورقۇتقان گەپ! بۇگۈن زادى ئوچۇق گېپىڭنى قىل. ساڭا نېمە بولدى تۇيۇقسىز؟ مەن بىلەن توي قىلامسەن قىلمامسەن؟

ـ ئەمدى نۇرنىسا... مەن سېنىڭ قاراملىقىڭدىن قورقۇپ قالدىم. سېنى ئالامغۇدەكمەن. كېيىن بىرە ـ بىرە گەپ تالىشىپ قالساڭمۇ ھېلى ئۆيگە، ھېلى پاسارلىققا ئوت قويغىلى تۇرساڭ... ئىشقىلىپ مەن قورقىمەن. ئاچچىقىڭ بەك يامانكەن، سەن بىلەن خاتىرجەم بىر ئۆيگە كىرەلمىگۈدەكمەن. شۇ... شۇڭا...

ـ دېمەك، سەۋەپ مۇشۇ، شۇنداقمۇ؟

ـ ھە...

ـ مەن بىلەن راست توي قىلمايسەن؟

ـ خاپا بولما...

ـ بوپتۇ ئەمىسە، ئۆزۈڭگە قىلدىڭ، مەندىن يامانلىما! قىزلار، قېنى چىقىڭلار!

نۇرنىسانىڭ شۇنداق دەپ ۋارقىرىغىنىنى بىلمەن. ئاسماندىن چۈشتىمۇ، يەردىن ئۈندىمۇ بىلمىدىم، يېنىمىزدا تۆت ـ بەش قىز بالا پەيدا بولۇپلا كالتەك ـ توقماقلار بىلەن مېنى قارا ـ قويۇق ئۇرۇپ كەتتى. باشتا باش ـ كۆزۈمنى قوللۇرۇم بىلەن دالدا قىلىپ توسۇۋېلىپ باقتىم. لېكىن قىزلارنىڭ قولىدىكى تاياق ـ توقماقلاردىن، يەنە كېلىپ ئۆزۈلمەي تېگىۋاتقان تاياقلاردىن ئۆزۈمنى دالدا قىلىش مۇمكىن بولمىدى. بىرسىنىڭ قولىدىكى كالتەكنى كۈچەپ تۇرۇپ تارتىۋالدىم، بۇنى كۆرۈپ باياتىن بىرى قاراپ تۇرغان نۇرنىسامۇ نەدىندۇر بىر كالتەكنى تېپىپ كەلدى ـ دە، ئۇمۇ ھۇجۇمغا

ئۆتتى. نۇرنىسانىڭ قوشۇلغىنىنى كۆرگەن قىزلار تېخىمۇ قاتتىق ئۇرۇشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ بىردەملىك ‹‹ۋايجان ـ ۋا ييەي››لەر بىلەن ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ ۋارقىراپ، پۇخادىن چىققۇچە تاياق يەۋالدىم. قىزلار بىر ھارغۇچە ئۇرۇپ دەردى چىققاندىن كېيىن بېسقىپ قېلىشتى ۋە ‹‹خوپ بولدى تازا، تويسۇن›› دەپ غودۇراشقاچ نەلەرگىدۇر غايىپ بولدى. ئاغرىغان يەرلىرىمنى سىلاپ، ئاغرىمىغان يەرلىرىمنى ساناپ، دوڭغاسلاپ ئاقساپ مېڭىپ ئۆيگە كىرگىنىمدە ئاللىقاچان خۇپتەن مەھەلى بولغان ئىدى. دادام بىلەن ئانام مېنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىمنى كۆكەرتىپ، قانىتىپ، ئاقساپ كىرگىنىمنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىشتى. مەن بولسام ھەر ھالدا ھايات قالغىنىمغا خوش ئىدىم.

دادام بىلەن ئانام يىقىلىپ قوپۇپ، ئۆندەرەپ ئالدىمغا كەلدى ۋە سوراققا ئۆتتى:

ـ نېمە ئىش بولدى؟ بىرەرسى بىلەن ئۇرۇشتۇڭما جېنىم بالام؟

ـ نىم بولـدى يەنە؟ نېمە ئـالا ـ بۇلمـاچ بولىۋالدۇق؟ ئىت تالىۋالمىغاندۇ؟

ـ ۋاي...ـ دېدىم دادامنىڭ گېپىگە ئۇغام قايناپ، ـ ئىت تالىسـا مۇشـۇنداق باش ـ كۆزنى تـالامـدىكەن؟ مەھەللىمىزنىـڭ قانجۇقلىرى تالىۋالدى. ئەر ئالمايدىغان كۇسۇكلار...

ـ زادى نېمىش بۇ؟ تىلىڭنى چاينىماي...

ـ ۋاي بىچارە بالام...

دادام بىلەن ئـانـامـنىـڭ هـالـىـمـغـا ئېچىنىۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم، شۇنداقتىمۇ تىن ئالغىلى قويماي سـوراققا تارتىشـى سـەل ئېچىمنى پۇشـۇردى. نېمىسـنى دەي؟ ‹‹ئـالمـايمەن›› دەپ قويغىنىم ئۈچۈن قىزلارنى توپلاپ ئۇرغىلى سـالغىنىمۇ؟ ئۇسـتىخانلىرىمنىڭ چۇۋۇلۇپ كېتىدىغاندەك ئـاغرىـپ كېتىۋاتقـانلىقىنىمۇ؟ ئىشـقىلـىپ ئاچچىقتىن يېرىلاي دېدىم.

ـ ۋاي بىر گەپ قىلغىنە، نېمە بولغان ئىش بۇ؟ ،ـ دېدى ئانام پىشانەمدىن تەپچىرەپ

چىقىشۋاتقان قانىنى قولياغلىق بىلەن سۈرتكەچ ـ ساپ ـ ساق چىقىپ كېتىپ نېمە بوْنداق بولوْپ كىردىڭ؟

ـ ئاۋۇ نوْرنىسا... ئىمانىخاچامنىڭ قانجۇقى... ئىككى كۈن ئىلگىرى نوْرنىساغا «سەن بىلەن توي قىلسام بولمىغىدەك، ياخشىسى توي قىلمايلى» دەپ قويغانتىم. ئۇ چاغدا جىملا توْراتتى، شۇنىڭ بىلەن توْگىگەن چېغى دەپتىمەن. بۈگۈن كەچتە چىقساڭ گېپىم بار دېگەنتى، ماقۇل دەپ چىقتىم. «مېنى ئالامسەن، ئالمامسەن» دەپ سوراپ توْرۇپلىۋالدى. مەن... مەن... شۇنىڭ بىلەن «ئالمايمەن» دېسەم... نەدىن پەيدا بولدىكىن، بەش ـ ئالتە قىز بالا چىقىپلا مېنى كالتەكلەپ ئۇرۇپ كەتتى. ۋايجانلىغانغا، يالۋۇرغانغا ئۇنىمىدىغان... كاساپەت قانجۇقلار... خەپ...

ـ يەنە شۇ نوْرنىسا دېگەن پوتلىشىۋاش ماڭقا... خەپ توختاپ توْر! مەن چىقىپ بوْرنىدىن بوْلاق...

دادام پايپاسلىغان پېتى تالاغا ماڭغان ئانامنى چاقىرىپ توختىتىۋالدى:

ـ ۋاي توختاڭلا ئانىسى، خوتۇن كىشى دېگەننىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا زادى. نەگە چىقىسىلەر بۇ كەچتە؟ بىز ئوغلىمىزغا ساقلاپ ياتمىغان بىلەن خەق ئاللىقاچان يېتىپ ئۇخلاپ بولغاندۇ...

ـ ئۇخلاپ بولغاندۇ دەپ مۇشۇنداق ئىچىمىزگە يۇتىمىزما؟ ـ دېدى ئانام چالۋا قاپ، ـ ئاۋۇ توڭگۇزنىڭ قارنىدىن چوشكەنلەر شۇ نداقمۇ بوزەك قىلامدۇ ئادەمنى؟! بىر كۈنى قوپۇپ ئانىسى سەتلەپ تىللاپ يۈرسە، بىر كۈنى قوپوپ دادىسى ئالىيىپ يۈرسە، بىر كۈنى بولسا قىزى ئادەم يىغىپ ئۇرغۇزۇپ، زادى نېمە قىلىدۇق بۇ رەزگىللەرگە؟! ھەر قانچە نان چايناپ بېرىپ بېقىپ قويغان بولسىمۇ ئۇنچىۋالا ئاني تاپسا بولمايدۇ ـ دە!

ـ ھېلىمۇ شۇ، بوزەك بولايلى دېمىدىم، دېيىشسەڭلىمۇ ئەتە چىقىڭلا دەۋاتىمەن! بۇ كېچىدە خەقنى يوتقىنىدىن سۇغۇرۇپ چىقىپ

ئۆرۈ شىماقچىمۇ سىلەر؟ ھەر گەپ بولسا ئەتە خۇدانىڭ كۈنى تاڭ ئاتسۇن ئانىسى!

دادام ئانامنىڭ قولىدىن تارتىپ ئىشىك تۈۋىدىن قايتۇرۇپ كەلدى. ئاغرىق دەستىدىن ئۇستىخانلىرىم زىڭىلداپ تۇراتتى.

ـ كىملەر ئۇ شۇنچە بېشى يوغان؟ ـ دېدى ئانام ئاچچىقىنى بېسىۋالالماي سۆزلەپ، ـ كىمنىڭ قانجۇقلىرىكەن زادى؟

ـ نۇرنىسادىن با شقىلىرى... كىمتى؟ ئاۋۇ ھېلىقى... ھە... بارات غىجەكنىڭ قىزى بۇۋىھەجەر غىجەك، ئوسمان توپاقنىڭ قىزى سۇدۇمە توپاق... ھاشىم پوستەكنىڭ قىزى جىمىنىخان پوستەك، پاتەمخان تومپاينىڭ قىزى ئامانگۇل تومپاي... ھە... ئېۋۇ ئوبۇلقاسىم ماتاڭنىڭ ئۆگەي قىزى بۇزۆھرە ماتاڭ... يەنە بىرسى... ئىسمىدە قالماپتۇ. ئىشقىپ ھەممىسى ئالتە...

ـ ۋاي يۇغانباش دەلتى! گاچىمۇ چۆچۈرە يېسە ئىچىدە ساناپ يەيمىش، سەن تېخى تاياق يەپ كېلىپ يەنە تاياقنى كىمدىن

يېگىنىڭنى بىلمەيدىكەنسەن دېگىنە! ئىست سېنى ئوغۇل بالا دەپ باققىنىم!...

دادام شۇنداق دېگىنىچە كۆتمەك ساقىلىنى قاماللاپ بېشىنى چايقاپ كەتتى. بۇ گەپ ماڭا بەكلا ھار كەلدى. شۇ ھامان باياتىن قىزلار ئېتىلىپ كەلگەندە كىمنىڭ نېمىسى بولسا ھېساپلاشماي، ھۇجۇمغا ئۆتۈپلا تاراس - تۇرۇس ئۇرۇپ ياتقۇزىۋەتمىگىنىمگە پۇشايمان قىلىپ كەتتىم. ئۇنداق ئويلىغىنىم بىلەن بىراقلا كەلگەن ئالتە قانجۇققا كۈچۈمنىڭ يېتىشىمۇ بىر گەپتە!

- قىزىق گەپ قىلىدىكەنغۇ بۇ ئادەم! ئۇ سايىمالار ئارام بەرمەي ئۇرۇپ تۇرسا، بۇزە، بۇياقتا يېگەن تايىقنى ساناپ تۇرسا بوپتىكەندە ئەمەسسە؟ ھېلىمۇ ساق يېرى قالماپتۇ بىچارە بالامنىڭ.

دادام بىلەن ئانام جېدەل تەھلىل قىلىشۋاتامدۇ ياكى ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ ھالىمغا ئېچىنىشۋاتامدۇ، بۇنى بىلمىدىم. ئىشقىلىپ مېنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئۆز - ئارا تاكاللىشىشقا چۈشكەن ئىدى. شۇ تاپتىكى

دەردىمنى بىر ئۆزۈم بىلەتتىم. «ئالاي» دەپ قويغان گۇناھىمغا قىلغان ئەسكىلىكىغۇ بۇ؟! خەپ نۇرنىسا! ئەر ئالماي ئولتۇرۇپ قالارسەن ئىلاھىم!

«ۋايجان - ۋايىيەي» لەپ يېتىپ بىر كېچە ئۆزۈمىمۇ ئۇخلىمىدىم، ئاتا - ئانام، ئىنى - سىڭىللىرىمنىمۇ ئۇخلاتمىدىم. ئانام بولسا تاڭ ئاتقىچە نۇرنىسا ھەم ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەرنى تىللاپ قارغاپ چىقتى. دادامغۇ خورەكنى بىر باشلىسا بېشىدا ئۇرۇش پارتلىسىمۇ تۇيمايدىغىنى. ئاخشام ياتقانچە مىدىراپ قويايمۇ دېمەي ئۇخلىغىنى ئۇخلىغان. ئادەتتە ئانام بەك سەھەر ئويغۇتىۋتەتتى. بامدادقا ئەزان چىقىش بىلەنلا نوقۇلاپ كايىغىلى تۇرىدىغان بولسا ھېلىغۇ مەنكەنمەن، ئۆلۈك بولسىمۇ چىدىماي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكۈدەك تولا چالۋاقايتتى. لېكىن بۈگۈن ئەتىگەن كايىمىدى، مېنى ئويغاتمىدى. بىچارە ئانام ئەزەلدىن يىغامغا تەڭ يىغلاپ، كۈلكەمگە تەڭ كۈلۈپ كەلگەن

بولغاچقا، كېچىدىن بىرى مەن بىلەن بىللە ۋايساپ چىققان ئىدى.

ئانام دادامنى ئويغىتىپ مەسچىتكە ئالدىراتتى، ئاندىن تاھارەت ئېلىپ نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئادىتى بويىچە بىر ئاش پىشىمچىلىك ۋاقىت بارماقلىرىنى ساناپ دۇرۇت ئوقۇپ بولۇپ جەينامازدىن تۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھويلىغا چىقىپ كېتىۋىدى، بىر ھازاغىچە ھويلىدىن شاخ سۈپۈركىنىڭ شارتىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ خېلى ئۇزۇندا توختىدى. بۇ چاغدا ئىنى - سىڭىللىرىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بولغان بولۇپ، جەينامازدا ئولتۇرۇپ كىرسىن چىراغنىڭ يورۇقىدا قۇرئان ئوقۇۋاتاتتى. مەن بولسام ئاخشام يېگەن تاياقنىڭ «ھوزورى» نى سۈرۈپ، جۆنۈمنى كۆتۈرەلمەي ئىنجىقلاپ ياتاتتىم.

ناشتىلىق ئۈچۈن چاي قايناتىشقا تەمشەلگەن ئانام ئەتىگەندىلا ئەگۈننىڭ بوش جالاقشىپ قېقىلىشى بىلەن:

-توخۇ پوق يېمەستە كىمدۇ بۇ ئەمدى...

- دەپ غۇدۇرىغاچ ئىسسەنكىرىپ تالاغا

ماڭدى. ھايال ئۆتمەي بوسۇغىدا ئاۋال ئانام ئارقىدىن نۇرنىسا پەيدا بولدى. نۇرنىسا ئۆڭ قولىدا يوغان بىر ئاياق كۆتۈرىۋالغان بولۇپ، ئاياقتا ئاش بولسا كېرەك، ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئانامنىڭ چىرايى ئاچچىقتىنمۇ ئەيتاۋۇر قارىداپ كەتكەن بولۇپ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ تۇراتتى. قاق ئەتىگەندە سوغۇق مېھمان بولۇپ ئىشىك چەككەنلىكى ئۈچۈن نۇرنىساغا قاتتىق تېگىپ سالارمۇ دەپ ئەندىسىرەيتتىم. تۇرۇپلا نۇرنىسانىڭ ئازار يەپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگىنىمگە ھەيران بولۇپ قالدىم. ئانام نۇرنىسانى ئۆيگە باشلاپ قويۇپ يا قولىدىكى ئاياقنى ئالمىدى، يا سۇپىغا باشلاپ ئولتۇرۇڭ دېمىدى. ئۇ ھۇدۇققىنىچە بىر دەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن سۇپىغا چىقىپ يېنىمغا كەلدى ۋە ئاياقنى ياستۇقۇمنىڭ يېنىدا قويدى:

ـ قانداقراق تۇرىسىز؟ ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ مىجەزى يوق بولۇپ قالدىمىكىن دەپ يوقلاپ كىرىشىم. ئوخشىتىپ ئۆگرە ئەتكەن، قازاننى چۈشۈرىۋېتىپلا بىر ئاياق

ئۇسۇپ كىردىم، ئىسسىقىدا ئازراق ئىچىپ باقامسىز؟

ئۇنىڭ خۇددى ئۆز ئۆيىدە تۇرغانىدەك قىلچە تارتىنمىشسىز، قىلچە ياتسىرىماي تۇرۇپ شۇنداق دېگىنىگە، تېخى ھېچ ئىش بولمىغانىدەك پەرۋايىدا يوق ئەھۋال سوراۋاتقىنىغا قاراپ بىر تۇرۇپ ئاچچىقىم كەلسە بىر تۇرۇپ كۈلكە قىستاشقا باشلىدى. شۇنداقمۇ مەمەدان بولارمۇ قىز بالا دېگەن ھە؟ ئۆدەككە سۇ يۇقمىغانىدەك، قىلغان ئىشى پەقەتلا ئۆزىگە ئېلىنمايدىكەنغۇ ئۇنىڭ!؟ تېخى تۆنۈگۈنلا ھە؟...

- مەنمۇ ھازىر قازان بېشىدىتىم، نا شتىلىق بىر دەمدە تەييار بولىدۇ. ئارتۇقچە جۇۋاپ كېتىپسىز خېنىم بالام! ئاشنى ئېپ چىقىپ ئىمانىخانىغا سۇنۇڭ. سىلەرنى ئاۋارە قىلىساق بولماس.

ئانامنىڭ زەردە بىلەن دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ بەدىنىم تىكەنلىشىپ كەتتى. ئەمما نۇرنىسا خۇددى ئانامنىڭ ئاشۇنداق دەيدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىدىغاندەك، قىلچە

تەمترىمەدى ھەم كۈلۈپ تۇرۇپ شـــۇنداق دېدى:

- ئانامغا سـۈزمىدىغاننى قازاندا قويۇپ كىردىم، ئەمدى چىقىپ سـۈنسـامۇ بولىۋېرىدۇ. يا بولمسـا ئۆزى ئېلىپ ئىچىپ تۇرار. بىرەر قېتىم مەن سـۈنمىغانغا ئاش ئىچەلمەي قالماس، قوشـنا بولغاندىكىن ئانچە - مۇنچە ئىسسىق سۇنۇشۇپ تۇرايلى دېدىم. ئانامۇ شۇنى شۇنداق دېگەن.

نۇرنىسانىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئانامنىڭ چىرايى بىلىنەرلىك تاتاردى، شۇ تاپتا سـەپرا مىجەز ئـانـامنـىڭ ئـاچچىقىغـا ئـاران ھـاي بېرىۋاتقانلىقىنى بىلمەك تەس ئەمەس ئىدى.

- ۋوي، ۋوي كىم بۇ؟ قەدەم يەتتى بـالا يەتمىسۇن قىزىم!

دادامنىڭ شۇنداق دېگىنىچە كىرىپ كېلىشى ئوڭايسـز كەيپىياتنى ئوڭشـىدى. ئۇ گويا كۆرۈشـمىگىلى ئۇزۇن بولغـان تۇغقىنىنى كۆرۈۋاتقاندەك ئالەمچە خۇشـال ئىدى. نۇرنىسـانىڭ بۇ ئۆيگە كىرىشـى تۇنجى

قېتىمدەك، ئەسلىدە بۇرۇنراق مۇشۇنداق بولۇشى كېرەكتەك، دادام ئۇنىڭغا بەكلا قىزغىن مۇئامىلە قىلىشقا تاتتى. بۇنى كۆرۈپ ئانامنىڭ تېخىمۇ بەك جۇدۇنى ئۆرلىدى.

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قاسىمكا! ياسىناخۇننى ئىسسىق ئىچىپ باقامدىكىن دەپ ئۇگرە ئەكىرىۋىدىم، ـ دېدى نۇرنىسا سەل خىجىل بولغان ھالدا كۈلۈپ، ـ ئەمىسە مەن چىقاي، ئانام ئىزدەپ قالمىسۇن...

ـ ۋوي ئولتۇرمامسىز قىزىم، خانىنساخان ئانىڭىزنىڭ چىپىمۇ تەييار بولاي دەپتۇ، بىرەر پىيالە چاي ئىچىپ ماڭسىڭىز بولاتتى.

ـ رەھمەت، بولدى ئۆيگە چىقاي. يەنە كىرەرمەن.

نۇرنىسا شۇنداق دەپ شىپىلداپ ماڭغىنىچە چىقىپ كەتتى. دادام ئانامنى ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋاتقان نۇرنىسانى ئۇزۇتۇپ قويۇشقا شەرەتلىدى، بىراق ئانام دادامغا قاتتۇرۇپ بىرنى ئالىيىۋەتتى ـ دە، مورا ئوچاقنىڭ ئالدىغا موككىدە ئولتۇرۇپ ئوچاققا

ئۆتۈن سىلىقشقا باشلىدى. دادام ئانامنىڭ بۇ قىلمىقىغا قاراپ خىرىلداپ كۈلگىنىچە نۇرنىسانى ئۈزىتىپ قويۇش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى.

ھا يال ئۆتمەي قايتىپ كىرگەن دادامنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن ئىدى.

ـ مانا، ئالساڭ مۇشۇنداق قىز ئال بالام! ـ دېدى دادام ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ھالدا كۈلۈپ ، ـ بىر قولىدا ئوت، بىر قولىدا سۇ، كارامەت جېنى بار قىز بالا بوپتۇ. تۆنۈگۈن كەچتە ئۇرۇپ ماكچايتىپ قويۇپ، بۈگۈن ئاش كۆتۈرۈپ ئەھۋال سوراپ كىرىدىپتۇ. مەن مەن دېگەن ئەركەك مۇ قىلالمايدۇ ئۇ قىلغاننى! كۆزۈڭ باركەن بالام، خاتا نىشانلىماپسەن. بولدى، قۇرۇق گەپنى قوي. ساڭا خوتۇن بولۇشقا نۇرنىسادىن باشقىسى بىكار. ئات كالىسىدەك ئالتۇن كەتسىمۇ ساڭا مۇشۇ قىز بالىنى ئېلىپ بېرىمەن!...

ـ ۋۇيت دادىسى، چۇشەكەپ قىلىشۋاتىما يىدىغانلا؟! مەن ئىلىپ بەرمەيمىز دەۋاتىمەن ئاۋۇ ئادەم سەتىنى! ‹‹ئەتىگەندە كەلگەن مۇشتىن يانما›› دەپتىكەن كونىلار، شۇڭا ئىززىتىنى قىلىپ ئۆيگە باشلىدىم، قاتتىق تەگمىدىم. ھېلىراقتا ئۆيگە چىقىپ دېيىشمەن تېخى چالسىنى. ئۆيگە باشلىغىنمنى خاتا چۈشىنىۋېلىپ پەيلىدىن يېنىپ قالغان چېغى دەپ قالمىسىلا، مەن بۇ پوتىلىشۋاشنى بالامغا ھەرگىز ئىلىپ بەرمەيمەن. ھېلىغۇ ئاش كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ، بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن ئىلىپ كىرسىمۇ بىكار!...

ـ بالا يالغۇز سىنىڭلا بالاڭمۇ؟ مېنىڭ گېپىم ئۆتمەمدۇ بۇ ئۆيدە؟ كاللاڭ بولسا ئويلاپ باق خوتۇن، ـ دادام ئوڭ قولىنىڭ بىگىز بارمىقىنى ئۆزىنىڭ بېشىغا چىنەپ تۇرۇپ قەھرى بىلەن ۋارقىرىدى، ـ مۇشۇنداق جېنى بار بىر قىز بىلەن ئۆيلەپ قويساق، كېيىنكى كۈنلەردە ئوغلۇڭ كۆڭلى توق، خاتىرجەم ئۆتىدۇ. يا ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى خۇش

قىلالمايدىغان، يا كىشىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلالمايدىغان، يا قولىدىن كەلمەيدىغان، يا ئاغزىدىن كەلمەيدىغان، «بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلمەن» دەپلا گۆشىيىپ ئولتۇرىدىغان تەتۈر پايتىمىلاردىن مىڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟ مەھەللىمىزدىكى قىزلارغا قاراپ باققىنا، قايسى بىرى نۇرنىسا، زەينەپلەردەك ئۆزىنى تۈزەپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى شاي كىيىپ يۈرىدۇ؟ كۆڭلىنىڭ سۆيى بار ئادەم ئاشۇنداق قىلالايدۇ خوتۇن! نەدىكى پوتلىسىنى ئوڭشاپ ئېيتالمايدىغان قىزلارنى ئېلىپ بەرگىنىڭ بىلەن يا ئۆزىنى ئوڭشاپ ئادەم قىلالماي، يا ئېرىنى ئوڭشاپ ئەر قىلالماي، قاچان قارىسا چاپىنى تىزىدىن ئاشماي ئۆتەمدۇ؟ «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن» دېگەن ھېكمەتنى ئۇنتۇپ قالماڭلار جېنىم ئانىسى! مەنمۇ بالىنىڭ بەختىنى ئويلاۋاتىمەن!...

دادام گەپلىرىنى تۈگىتىپ بولغىچە گۆرەن تۇمۇرلىرى كۆپۈپ، چىرايى قىزىرىپ تىترەپ

كەتتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ گەپلىرىگە بەكلا ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى.

ـ شۇ... شۇ مەنمۇ بالىمىزنىڭ...

ـ بولدى، سىلە قانداق قارار چىقارساڭلار كارىم يوق. ئانىسىنىڭ ئىككى ئېغىز تىللىۋالغىنىغا قىزىنى ئېلىپ بەرمەيمىز دېگەن گەپنى قىلماڭلار، بىر زامانلاردا سىلەرنىڭ ئۆيدىكىلەرمۇ مېنى ئاز تىللىغانمۇ؟ تېخى يېرىم كېچىدە كىرىپ ئۇرۇپ ياتقۇزۇپ قويمىدىمۇ؟ «جاندىن كەچمەي جانانغا يەتكىلى بولماس» دەپ بىر گەپ بار، هە! ئوغۇل بالا بولغاندىكىن بىلىنى باغلاپ پۇتىنى بىر يەرگە تىكلىسۇن! ئۇنى يامان ئۆتتۈگۈپ مۇشۇ كۈنگە كەلدۇق. بۇ قېتىم يول قويمايمەن. ئۇرىدىغاننى ئۇرۇپ بولۇپ ئارقىدىن كۆڭۈل سوراپ كىرگەن بولسا بوپتۇ. ئۇمۇ ئاچچىقىدا شۇنداق قىلغاندۇ. باشتا «ئالمەن» دەپ قويۇپ تەخسىگە چىقىپ بولغاندا گەپتىن يېنىۋالسا كىمنىڭ ئاچچىقى كەلمەيدۇ؟ بۇ توينى قىلغىنىمىز

قىلغان. خوشنىلارنىڭ قۇلىقىغا سىلىپ تەييار بولۇڭلار، پىشىن نامىزىدىن يېنىپ مىچىتتا خۇنلارنىڭكىگە داستىخانلىق ئەكىرىمىز!

دادام شۇلارنى دەپ بولۇپ، ناشتىغىمۇ قارىماي ئىشكىنى داراقشىتىپ ئېچىپ چىقىپ كەتتى. ئۆزۈمنى خۇددى ئۇلۇغ بىر ئوتنىڭ ئىچىدە قالغاندەك ھېس قىلىپ كەتتىم. دادام چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئانام ئېغىر خىياللار بىلەن خېلى ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدا مەڭزىگە تاشلىنايلا دەپ قالغان ئىككى تامچە ياش پارقىراپ تۇراتتى. ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئاتا - ئانامنىڭ جىدەللىشىپ قېلىشىنى پەقەتلا خالىمايتتىم. ئەمما بولغۇلۇق بولدى، ھەر نېمە دېگەن بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. ئەمدى زادى قانداق قىلىش كېرەك. ئانامغا تەسەللىي بېرىشنى ئويلايتتىم، بىراق نېمە دېيىشىمنى بىلمەيتتىم. دادامنىڭ كەينىدىن چىقىشىنى ئويلايتتىم، ئەمما ئاغرىق دەستىدىن

مەدرىلىيالمايتتىم، ئورنۇمدىن تۇرغىدەك ماغدۇرۇم يوق ئىدى.

ـ ئانا، چاي تەييار بولدىمۇ؟ بىز مەكتەپكە ۋاخ قالىمىز.

سىڭلىم پەزىلىيەخان مەكتەپكە مېڭىش ئۈچۈن ئالدىراپ ئانامغا ئۆتۈنگەندەك قارىغاندا ئاندىن ئېسىگە كەلگەن بىچارە ئانام، ئىنى ـ سىڭىللىرىمنىڭ چېيىنى بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى.

دادامنىڭ زورى بىلەن نۇرنىسا ئىككىمىزگە سۆز سالدۇرۇپ قويۇلدى. ھېلىمساپتا نۇرنىسا ئىككىمىزنىڭ توي ئىشى ئاغزاكى كېلىشىمگە ئېگە بولدى دېگەن گەپ. دادامنىڭ نۇرنىسا ھەققىدە ئانامغا كايىغانلىرىنى چۈشىنىشكە، قوبۇل قىلىشقا تىرىشتىم. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ ئوت قويغانلىرى، قىزلارنى توپلاپ مېنى ئۇرغۇزغانلىرى يادىمدىن چىقمىدى. ئاشۇ قىز بىلەن توي قىلىشنى ئويلىسام خۇددى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغاندەك ھېسسىياتتا بولۇپ قالاتتىم. لېكىن نېمە ئامال؟ ئەمدى تىرەجىسەم ئاتا ـ ئانام قاتتىق ئۇرۇشۇپ

كېتىدىغان چىراي. تېخى ئۆزۈممۇ يەتكىچە گەپ ئاڭلىشىم مۇمكىن. بۇ ئۆيدە ئەزەلدىن دادام «قىلىمىز» دەپ بىكىتكەن ئىش قىلىنماي قالغان ئەمەس. شۇنداق ئىكەن، ئەمدى بولغاندا قانچە قىلسامۇ گېپىم ئاقمايدۇ. يەنە كېلىپ بۇ ئىشلارنىڭ مۇشۇنداق بولۇپ قېلىشىغا ئۆزۈم سەۋەپچى. شۇڭا، ھەممىنى ئىتتىكلىكىدىن كۆرۈپ باشقا گەپ - سۆز قىلمىدىم.

نۇرنىسانىڭ ئاچىسى زەينەپ تېخى ياتلىق قىلىنمىغان بولغاچقا ئاۋۋال زەينەپنى ياتلىق قىلىپ چىقىرىۋېلىشى، ئاندىن نۆۋەت نۇرنىساغا كېلىشى كېرەكمىش. قائىدە بويىچە باشتا چوڭى، ئاندىن كىچىكى تالالىق بولسا بولىدىكەن. ئىككى قىزنىڭ تويىنى بىللە قىلىش مەسلىھەتىگە ئىمانىخاچام كۆنمەي كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقارغانمىش. بىر ھېساپتا بۇمۇ ياخشى بولدى، بۇ تويىنى چوقۇم قىلىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ قانچە كەينىگە سۈرۈلسە مەن ئۈچۈن شۇنچە ياخشى.

تاياق يېگەن كۈنۈمدىن باشلاپ ھېسابلىسام ساق بىر ئاي بولغاندا يۈز ـ كۆزلىرىمدىكى ئالا ـ يېشىللار يوقالدى. پۈتۈ مىدىكى ئىششىق، بەدىنىمدىكى زىدىلەر ساقىيىپ ئادەمگە ئوخشىغىنىمدا نۇرنىسا بىلەن بولغان قەدىناسلىقىم ئالىقاچان ئەسلىگە كەلگەن ئىدى. ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ ـ چىقىپ يۈرۈپ ئانامنىمۇ ئىندەككە كەلتۈرىۋالغان بولۇپ، ئانامنىڭ ھەر گېپىدە ئاغزىدىن نۇرنىسا چۈشمەيتتى. بىرەر نەرسە يېسىمۇ نۇرنىساغا سىقىنىپ ئازراق ئېلىپ قويىدىغان، بىرەر ۋاق تاماق ئەتسە نۇرنىساغا سۇنىمىسا يېگۈسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ قارىماققا ياخشى ئىشتەك قىلسىمۇ، ماڭا نىسبەتەن ئىنتايىن يامان خەۋپ بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئانام نۇرنىساغا ۋاي دېيىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئەڭ ئامراق بالىسى مەن ئىدىم، گېپى سىقىلىپ تاتلىق ـ تۈرۈملەرنى سىقىنىدىغىنىمۇ مەن ئىدىم. ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنى، ئەڭ كۆيۈنىدىغىنى، ھەمىشە مۇڭدىشىدىغىنىمۇ مەن ئىدىم.

ئەمما ھازىر ئۇنداق بولماي قالدى. ئۇمۇ پىشانەمگە پوتولگىنى دەپ بىلىپ دەردىمنى ئىچىمگە يۇتتۇم.

توي ئىشى چوڭلارنىڭ دېگىنى بويىچە بولغان بىلەن كۆڭۈل ئىشى ئۇلارنىڭ دېگىنىچە بولمايدىكەن. زەينەپنىڭ تويى بولغان كۈنى شۇ تويغا كەلگەن قىزلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسىگە كۆزۈم چۈشۈپ قېلىپ، نۇرنىسا كۆزۈمگە سىغماس بولۇپ قالدى. بەلكىم مېنى تۇتامى يوقكەن دەپ ئويلاپ قالغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئەمما ئويلاپ بېقىڭ، سىز كۆڭۈلنىڭ مۇنداق ئىشلىرىغا يولۇقۇپ باقمىغانمۇ؟ ئىشقىلىپ شۇنداق بولدى. مەن بۇنى كىمگە دېيەلەيتتىم؟ئامالسىز بۇنىمۇ ئىچىمگە يۇتتۇم. بىراق ئۇ قىزنى سوراشتۇرۇپ يۈرۈپ ئاخىرى تاپتىم. ئۇنىڭ ئىسمى گۈلجامال بولۇپ، خوشنا يېزىدىكى مەسچىتنىڭ خاتىپىنىڭ چوڭ قىزى، بۇ يىل ئون بەش ياشتا ئىكەن. ئۇ ھەقىقەتەن ئىسمى جىسمىغا لايىق گۈلجامال، يەنى كەم - كۈتىسىز

چىرايلىق قىز ئىدى. چولپاندەك كۆزلىرى يۈرەكنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتكۈدەك بىر قارايدىغان بولسا، ئەييۇھەنناس! كىچىك ھەم ئوماق لەۋلىرى خۇددى گىلاس دانىسىدەك ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى. ئىشقىلىپ شۇ تويدا بىر كۆرۈپلا ئۇنىڭغا كۆيدۈم. قانداق قىلىمەن؟ مۇشۇ ئىش ئۈچۈن مېنى نېمە دەپ تىللىسىڭىز تىللاڭ، ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالغىنىم راست! بۇ ئىشنى ئانامغا دەيمۇ، دادامغىمۇ دەپ بىر قارارغا كېلەلمەي بەك ئۇزاق باش قاتۇردۇم. ئەمما قانداقلا قىلسام ئۇلارنىڭ نۇرنىسادىن يالتايمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم.

مەيلى قانداقلا قىلسام ئۆزۈم ياقتۇرغاننى ئالىمەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ رايىغا قاراپ ئولتۇرسام بولمايدۇ-دە! بۇ ئىشلارنى كېيىنگە قويۇپ، ئاۋۋال گۈلجامالنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش قارارىغا كەلدىم. نۇرنىسا چىراي جەھەتتە يامان ئەمەس بولغان بىلەن گۈلجامالدەك چىرايلىق ئەمەس، يەنە

كېلىپ، گۈلجامالنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرىمۇ، گەپ - سۆزلىرىمۇ، كىشىلەرگە قىلغان مۇئامىلىسىمۇ خۇددى ئېقىن سۇدەك يېقىملىق، مەجنۇنتالدەك ئەۋرىشىم، ئاپتاپتەك ئىللىق ئىدى. نۇرنىسادەك قوپال، ئەركەك مىجەز، تۇرغان - پۈتكىنى سېپپى ئۆزىدىن تومپاي ئەمەس ئىدى. ھەم ئۇنىڭدەك ئاغزىنى ئاچسا ئادەم تىللايدىغان، قولىنى كۆتۈرسە كىشىگە شىلتىپ، شالىنى چاچىدىغان خۇيلىرى يوق ئىدى. ئەمدىغۇ نۇرنىسا باشتىن تارتىپ ئۇنداقمۇ ئەمەستى، شۇ مەن «توي قىلىمىز» دەپ ئازدۇرۇپ، مۇشۇ كىچىككە باشلىغاندىن بىرى شۇنداق ئەركەك مىجەز قىلىق چىقىرىۋالدى. بەلكىم ئەركىلەپ شۇنداق قىلىدىغاندۇ، ئەمما بۇنىڭغا داۋاملىق يول قويىۋەرسەم بولمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ھازىر كۆڭۈل نۇرنىسادا ئەمەس.

گۈلجامالنىڭ ئۆيىنىڭ خوشنا يېزىدىكى مەسچىتنىڭ كەينىدە ئىكەنلىكىنى بىلىپ دەرھال شۇ تەرەپكە چاپتىم، ئاندىن خەقتىن

سوراپ سوروشته قىلىپ يۈرۈپ ئابدۇللا خاتىپ ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىنى تاپتىم. لېكىن شۇنچە جاپا تارتىپ ئىزدەپ تاپقىنىمغا ھەم چىققى چۈشتىن باشلاپ ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ، ئەگىپ يۈرگىنىمگە تۇشلۇق گۈلجامال ئۆيىدىن چىقماي قويدى. ئەلۋەتتە، ئۇ مېنىڭ ئىزدەپ كېلىشىمدىن بىخەۋەر ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئاللاھىم ياراتقان ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ، خۇدانىڭ ئاپتىپىغا بىرەر دەم قاقلانغىلى بولسىمۇ چىقمىدى. بۇ ئىشقا ئىچىم پۇشۇپ جىلە بولۇپ تۇرسام، ئۆتكەن - كەچكەن قىز - چوكانلارنىڭ سۆيدۈك پۇرىغان ئېشەكتەك چىشلىرىنى چىقىرىپ، بىزەڭلىك بىلەن كۈلۈپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىشلىرى جېنىمغا پاتتى. بۇ يەردە چۆگىلەپ يۈرىۋېرىپ كىملەرنىڭدۇر دىققىتىنى تارتىپ قويغان بولسام كېرەك، يېنىمدىن ئۆتۈپ قالغان بىر قىز كۆزلىرىدىنىڭ بالدىخانىسىغا قاراپ - قاراپ قويۇپ، يېنىمدىن قايتا - قايتا ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ ئۆيگە كىرەتتى، ئۇ ئۆيدىن چىقىپ بۇ

ئۆيگە كىرەتتى. يەنە ئۇ يەردىن چىقىپ باشقىلا بىر ئۆيگە كىرەتتى. ئىشقىلىپ كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە نەچچە ئۆيگە كىرىپ چىقىپ بولدى. كۆزلىرى مەندىن ئۈزۈلمەيتتى، مېنىڭ ئەتراپىمنى ئايلىنىپ يۈرگەندەك مەن تۇرغان يەرگە كېلىشنىلا خالايدىغاندەك قىلاتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ ماڭا قىزىقىپ قالغانلىقى ھەمدە مەندىن گەپ تاما قىلىپ قالغانلىقىنى يۈرىتىپ تۇراتتى. شۇڭىمكىن، بۇ يەردە ئايلىنىپ يۈرۈش ماڭا تەس كېلىۋاتاتتى. ئاخىرى بۇنداق ساقلاپ تۇرۇش بىلەن ئىش تاڭ ئاتمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئاخىرى كەچمۇ بولدى، كېتەيمىكىن دەپ تۇرسام نەلەردىندۇر مەزىن ئاخۇنۇمنىڭ جامائەتنى نامازشامغا چاقىرىپ تووۋلىغان مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازى چىقتى. ‹‹توختا!›› دېدىم ئۆزۈمگە كاللامغا بىر ئەقىل كېلىپ. ‹‹نامازشامغا بەربىر يولدا قالدىم. شۇڭا گۈلجامالنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ تاھارەتكە سۇ سوراي، تاھارەت ئېلىپ نامازشامنى شۇنىڭ ئۆيىدە

ئوقۇغۇۋالاي، مۇشۇ با ھاندا گۈلجا مالنى كۆرۈپ كۆزۈمنى ھېيتلىتىۋالارمەن». تاپقان بۇ ئەقلىمدىن سۆيۈنۈپ يۈرىكىم ئويناپ كەتتى، ئۇستىمۇشىنىڭ بىر قۇر تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن ئاستا بىرىپ قوش قاناتلىق ئەگۈننى يىنىك مۇشتىلىدىم. شۇ ھامان ھويلا ئىچىدىن بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

ـ ئىشىك ئوچۇق، كىرىۋەرسىلە!

يىنىك ئىتتىرىپ ئىچىشىم بىلەن خۇددى بىر يىرى چىمدىۋىلىنغان ئادەمدەك ئىچىنىشلىق غىچىرلاپ كەتكەن ئەگۈننى ئىچىمدە مىڭنى تىللاپ، ئەيمىنىپقىنا ھويلىغا كىردىم. ھويلىدا بېشىغا ئاق ياغلىق تاشلىۋالغان، ئۈزۈن چىت كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى يەر سىيپاپ تۇرىدىغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال بىر دانە چىلەكنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى. مەن كىرىپلا ئوڭ قولۇمنى كۆكسۈمگە قويۇپ ئايالغا ئەدەپ بىلەن سالام قىلدىم:

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاچا!

ئۇ مېنى كۆرۈپ قولىدىكى چىلەكنى يەردە قويدى ۋە قول باغلاپ تۇرۇپ سالىمىمغا جاۋاپ قايتۇردى:

ـ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام بالام! ئوبدان تۇردىڭىزمۇ؟ بۇيان كەپسىز؟

ـ ھە، بىر ئىش بىلەن تۆۋەنكى مەھەللىدىن كېلىۋېدىم، قايتاشىمدا كەچ قالدىم. قارىسام نامازشام قازا بولۇپ كەتكۈدەك، شۇڭا...
شۇڭا تاھارەتكە سۇ بېرەرمىكىن دېگەن ئۈمىدتە كىرىۋىدىم خان ئاچا! ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلسام بولارمۇ؟

قىزارماي ـ تاتارماي شۇنداق دېيەلىگەنلىكىمدىن بىر تۇرۇپ نومۇس قىلىپ كەتتىم. لېكىن دەيدىغاننى دەپ بولدۇم. ئۆزۈمنى ئۇرۇپ بەرسەممۇ ئاغزىمدىن چىقىپ بولغان گەپنى ئىچىمگە سۇلىۋالالمايمەن.

ـ ۋاي بولىمامدىغا بالام، ـ دېدى ئايال چىرايىغا ۋىللىدە كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ـ تولا ئوبدان بولىدۇ. بۇ ساۋاپنى خۇدايىم بىزگە يەتكۈزگەن چېغى، ـ ئۇ شۇنداق دەپ

كەينىگە بۇرۇلۇپ سوقىما تاملىق ئۆيىنىڭ مىلەڭزىلىك ئىشىكىگە قاراپ توۋلىدى، ـ گۈلجامالخان بالام! ھوي گۈلجامالخان! شاققىدە چۆگۈندە سۇ ئەپچىقىڭە خېنىم بالام!

ئايالىنىڭ گۈلجامالنىڭ ئىسمىنى چاقىرىشى بىلەن يۈرەكلىرىم تېخىمۇ ئويناپ، باشقىچە سوقۇپ كەتتى. لېكىن چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ھويلىنىڭ ئۇ يەر ـ يەرلىرىگە قارىغان بولۇپ تۇرىۋالدىم

ـ بىزنىڭ ئاخۇنۇم مەسچىتكە چىقىپ كەتكەن، تاھارەت ئېلىپ مەسچىتكە بارغىچىلىك نامازنىڭ ۋاقتى كەتكىدەك ئەمدى. مەن ئۆيگە جەينامازنى سېلىپ قوياي، باغ تەرەپتە تاھارەت ئالىدىغان يەر بار، سىلى دىككىدە چىقىپ كىرسىلە غوجام بالام.

ئايالنىڭ شۇنچىلىك مۇلايىملىق بىلەن ئېيتقان گەپلىرى كۆڭلۈمنى شۇرۇرىدە ئېرىتىپ، ۋۇجۇدۇمغا ئىللىق بىر سېزىم تارقىتىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئىمانىغا چامىنىڭ قوپال گەپ ـ سۆزلىرى ھەم

سەت ئىزا ـ ئاھانەتلىرى بىلەن سىلىشتۇرۇپ كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. ھايال ئۆتمەي گۈللۈك مىلەڭزە قايرىلىپ ئۇزۇن كۆينەك كىيىپ، چۇچىلىق ياغلىقىنى بويۇنلىرىنى يۆگەپ چىگىۋالغان، ئۇسىما قويغان ئىنچىكە قاشلىرى قارلىغاچنىڭ قاناتلىرىدەك قايرىلىپ تۇرىدىغان گۈلجامال ئىشكتە پەيدا بولدى. ئۇ بوينى ئۇزۇن مىس چۆگۈندە سۇ كۆتۈرۈپ چىققان بولۇپ، مېنى كۆرۈپ سەل ھەيران قالدى، ئاندىن ھودۇقۇپقىنا كېلىپ قولىدىكى چۆگۈننى ئانىسىغا سۇندى. ئايال گۈلجامالنىڭ قولىدىكى چۆگۈننى ئېلىپ ئىككى قوللاپ ماڭا سۇندى:

ـ مەڭسىلە بالام، باغاقا ئۇۋۇ تەرەپتىن كىرىدىلا، ـ دېدى ئۇ سوقما تامنىڭ يان تەرىپىگە قولىنى چىنەپ كۆرسىتىپ، ـ مەن جەينامازى سېپ قوياي.

ئايالنىڭ قولىدىن چۆگۈننى ئېلىپ ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە ماڭدىم. چۆگۈننى ئانىسىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپلا قاياققىدۇر غايىپ

بولغان گۈلجامالغا ئاچچىقىم كېلىپ ئىچىمدە غۇدۇراپ قويدۇم. تا ھارەت ئېلىپ ھويلىغا كىرگەن چېغىمدا نامازشامنىڭ دەل ۋاقتى بولۇپ قالغان ئىدى. ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ بىركىمنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ ئازراق تۇردۇم. بىراق بايىكى ئانا ـ بالا ئىككەيلەننىڭ بىرسىمۇ يوق. شۇنىڭ بىلەن غەيرەتكە كېلىپ مىلەڭزىنى قايرىپ ئىشىكنى چەكتىم. ئىشىكنى بايىقى ئايال ئاچقان بولۇپ، ئۆي ئىچى كىرسىن چىراغنىڭ يورۇقىدا غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. مەن ئۆيگە كىرىپ قولۇمدىكى چۆگۈننى ئايالغا ئۇزاتتىم.

ـ كەلسىلە بالام، ئەنە جەينامازى، ئاخۇنۇمنىڭ يەكتىكىنى كىيىۋالامىلا يا بالام؟

ـ بولىسىغۇ... ـ دېدىم ئارتۇق گەپ قىلالماي. قارىسام گۈلجامال جەينامازدا ئىكەن. ماۋۇ ئاچامغا بىلدۈرمەي ئۇنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقاندىكى تۇرقىغا سىنچىلاپ قاراپ چىقتىم. ئۇنىڭ ئىگىلىشلىرى، ئولتۇرۇپ قوپۇشلىرىمۇ شۇنچىلىك ئەۋرىشىم، نازاكەتلىك ئىدى. تووۋا! ئەسلىدە كۆڭۈل

دېگەنمۇ تېگى ـ تەكتىدىن چىرايلىققا، نازاكەتلىككە، ئەدەپ، ئىمانلىققا كۆيىدىكەن ئەمەسمۇ؟ ئۆزۈممۇ بىلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قاپتىمەن. ئايال ناۋات رەڭلىك ئۇزۇن يەكتەكنى ماڭا ئۇزاتقاندا ئاندىن ئېسىمگە كەلدىم ۋە يەكتەكنى كىيىپ، شاپاق دوپپامنى ئوڭشاپ كېيىپ جەينامازغا چىقتىم. بۇ ئابدۇللا خاتىپ دېگەن ئاخۇنۇم دەرۋازىدەك يوغان، تەمبەل كىشى بولسا كېرەك، مېنىڭ ئورۇق، ۋۇجىك ئۇستىخىنىم ئۇنىڭ يەكتىكى ئىچىدە لاغايلاپ قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنىڭ چاپىنى ئۈستىدىن چىگىۋالغان پوتامنى يېشىپ ئېلىپ يەكتەك ئۈستىدىن باغلىدىم ـ دە، قەددىمنى تىك تۇتۇپ نامازغا تۇردۇم. بىراق ھە دېگەندىلا دىققىتىم گۈلجامال تەرەپكە كېتىپ قېلىپ ئايەتلەردە نەچچە ئازدىم. «ئەستاغپۇرۇللا شەيتان!» نى تولا دەپ ئۆزۈمگە ھاي بېرىپ شام نامىزىنى ئوقۇپ بولغان چېغىمدا ئالدىقاچان قاراڭغۇ چۈشكەن ئىدى. مەن جەينامازدىن چۈشكەندە گۈلجامال كات سۇپا

ئۆستىگە سېلىنغان داستىخانغا ياغاچ ئاياقلارغا ئۇسۇلغان قۇناق ئۆگرىسىنى قويۇۋاتقان ئىكەن. ئايال ئىچكەركى ئۆيدىن لىگەندە نان كۆتۈرۈپ چىقىپ داستىخانغا قويدى ۋە ماڭا قاراپ باشىقىچە ئىللىق كۆلۈمسىرىدى.

ـ ئاشمۇ پىشىپ قاپتۇ، كەلسىلە بالام بىرەر قوشۇقتىن ئىسسىق ئىچلى. ئاخۇنۇمنىڭ مەسچىتتىن يېنىشىغا ئۈلگۈرتۈپ پىشۇرايلى دەپ قازاننى توختىتىپ قويغان. بىرەر ئىش چىقىپ قالدىمىكى، سەل ھايال بولۇپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ، ھېلىغىچە كېلىپ قالار. بىز تاماققا باققاچ تۇرىلى، ـ دېدى ئايال مېنى داستىخانغا تەكلىپ قىلىپ. مەن ئۆزرە ئېيتىپ قايتماقچى بولدۇم ۋە ئۇچامدىكى يەكتەكنى سېلىپ ئايالغا ئۇزاتتىم، ئايال قولىدىكى ئۇن يۇقۇندىلىرىنى قېقىشتۇرۇپ تۇراتتى، ئاڭغىچە گۈلجامال شىپىرلاپ كېلىپ قولۇمدىكى يەكتەكنى ئالدى. ئۇ يەكتەكنى ئالغىچە كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى، نە ئۇچراشتىكى ئۇنىڭ

ماگا لەپپىدە قارىغان كۆزلىرىدىن يۈرىكىمگە بىر ئۇلۇغ ئوت تۇتاشتى. جايىمدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدىم. ئايالنىڭ ماگا يەنە نېمە دېگەنلىكىنى ئىلغا قىلالمىدىم. ئىشقىلىپ داستىخانغا كېلىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغانلىقىنىلا بىلىمەن. قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئايال كۆرسەتكەن جايغا كېلىپ يۇمشاق كۆرپە ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇردۇم. ئايال ئالدىمغا قويغان بىر ئاياق قۇناق ئۆگرىسىنى قولۇمغا ئېلىشىمغا ئىشىك ئېچىلىپ مەيدىسىگىچە ساقال قويۇپ، ئۇزۇن يەكتەك، قازاندەك يوغان ئاپئاق سەللە كىيىۋالغان سالاپەتلىك بىر كىشى كىرىپ كەلدى. دەرھال قولۇمدىكى ئاياقنى داستىخانغا قويۇپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ قول باغلىدىم:

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

ئاقساقال دەسلەپ مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن قولىنى ماڭا ئۇزۇتۇپ ئالدىمغا كەلدى.

ـ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!...

ئىككىمىز قول ئېلىشىپ كۆرۈشكىچە چىداپ بولغۇسىز بىر ئوڭايسىزلىق تاپىنىمدىن كىرگىنىچە چوققامغا كېلىپ توختىدى. چىقىپ كېتەي دېسەم ئاسمان يىراق، كىرىپ كېتەي دېسەم يەر قاتتىق تۇيۇلۇپ، بۇ ئۆيگە كىرگىنىمگە ئۆلگىدەك پۇشايمان قىلدىم. بىراق نېمە ئامال؟ بۇ قازان سەللە ئاخۇنۇمنىڭ ئالدىدىن سامانلىققا چاپقان موزايدەك يۈگرۈپ چىقىپ كەتكىلى بولمىسا! چىراق غۇۋا يورۇق چۈشۈرۈپ تۇرغان بولغاچقا ئاخۇنۇمنىڭ مېنى كۆرۈپ قانداقراق كەيپىياتتا بولغانلىقىنى ئېنىق كۆرەلمىدىم، ئۇزىنىڭ ئۇستىگە بۇنى تەھلىل قىلغۇدەك ھەپسىلەممۇ يوق ئىدى.

ـ يولدىن ئۆتۈپ كىتىۋېتىپتىكەن بۇ بالام، ـ دەپ چۈشەندۇردى ئايال ئاخۇنۇمغا قاراپ، ـ شام نامىزى قازا بولۇپ كەتمىسۇن دەپ تاھارەتكە سۇ سوراپ كىرىپتۇ. شۇڭا ئۆيگە باشلاپ ساۋاپ ئالاي دېدىم. ئاڭغىچە ئاشمۇ پىشىپ قاپتىكەن، ئىسسىق ئىچىپ ماڭسۇن دەپ تۇتۇپ قالدىم قارىسىلا.

بۇ گەپ بىلەن قازان سەللە ئاخۇنۇمنىڭ چىرايىدا ئاپتاپتەك كۈلكە پارلىدى.

-ئوبدان، ئوبدان بوپتۇ. ساۋاپلىق ئىش قىپسىلە ئانىسى. خۇدايىم تاھارەتكە سۇ بەرگەن قولۇڭلاغا دەرت كەلتۈرمىسۇن.

قازان سەللە ئاخۇنۇم شۇنداق دېگەچ بېشىدىكى چاقما كاۋىدەك يوغان سەللىسىنى ئېلىپ گۈلجامالغا، يوتقاندەك ئازادە ھەم چوڭ يەكتىكىنى سېلىپ ئايالىغا ئۇزاتتى. ئاندىن تەرلەپ پارقىراپ كەتكەن بېشىغا ئايالى تەڭلىگەن شاپاق دوپپىسىنى كىيىپ داستىخانغا كېلىپ بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇردى.

ئۇ كۈنى تاماقتىن كېيىن چىرايلىق خوشلىشىپ يېنىپ كەلدىم. مەن ئەگۈن دەرۋازىدىن چىققاندا ئاخۇنۇم بىلەن ئايالى ئارقىمدىن چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى. لېكىن گۈلجامال چىقمىدى. كاشكى، ماۋۇ ئىككەيلەن چىقماي گۈلجامال چىققان بولسىچۇ! ھە تىتىمگىنەي! شۇنچە تىرىشقانلىرىمغا بولسىمۇ گۈلجامالنىڭ

ئاۋازىنى بىر ئاڭلىغان بولسام، ياكى كۆزىنىڭ قويرۇقىدا بولسىمۇ ماڭا بىرەر قېتىم قاراپ قويغان بولسا خۇشاللىقتا يۈرىكىم يېرىلىپ كەتمەس ئىدى، ئۇنىڭ بىرى بولار ئىدىم. ئەمما بۇ ئارزۇيۇممۇ مەن بىلەن بىللە قەدىناس مەھەللەمگە قاراپ يول ئالدى. شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا خۇشال ئىدىم. خىيالىمدا نۇرنىسا بىلەن گۈلجامالنى، ئىمانخاچام بىلەن گۈلجامالنىڭ ئانىسىنى، مىجىتاخۇنكام بىلەن قازان سەللە ئاخۇنۇمنى سېلىشتۇرۇپ ئاجايىپ زور ئوخشىماسلىقلارنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم. نېمىلا دېگەن بىلەن گۈلجامالىلارنىڭ ئائىلىسى نۇرنىسالارنىڭ ئائىلىسىدىن كۆپ ياخشى بىلىندى. تېخى كەلگۈسىم ئۈچۈن شېرىن خىياللارنى سۈرۈپ، غىڭشىپ ناخشا ئېيتقاچ مېڭىپ قانداق قىسىمغا مەھەللىگە كېلىپ قالغىنىمنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن. مەن ئۆيگە كىرگەندە ئىنى ـ سىڭىللىرىم ئالدىراپ ئالدىمغا چىقىپ، ئاچا ـ ساھ لېرىدىن بىرى خابەر سۈرۈپ ئۇلاشقا باشلىدى. ئانام ئۆيدە ئىدى، دادام مەندىن ئەنسىرەپ ياتمىغان ئىكەن.

ـ نەگە بارىدىكىن ۋوي جىن ئېپقاچقاندەكلا يوق بوپ كەتتىڭغۇ چۈشتىن بېرى؟ ـ دېدى دادام كۆزۈمگە قادىلىپ، ـ يا بارىدىغان يېرىڭنى دەپ قويۇپ ماڭساڭ، ئاناڭ بىلەن ئۆكىلىرىڭ سېنى ئىزدەپ بارمىغان يېرى قالمىدى...

ـ شۇنى دەيمەن، ئەنسىرەپ قالار دەپ ئويلىمايدىغان ئىشما جېنىم بالام؟ خىيالىمدىن كەچمىگەن ئىشلار قالمىدى. ئۇھ يۈرىكىم، توۋا! ھەجەپ بىر بالا بولدۇڭغۇ زادى!...

ـ ۋاي، مانا مەن بارغۇ دادا... يۇقارقى مەھەللىدە نەزىر بوپتىكەن، ئاغىنە باللار بېرىپ كېلەيلى دېگەنتى، بىللە بارغان... كېيىن ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بىردەم ئولتۇرۇپ قېلىپ كەچ بوپ قالغىنىنى بىلمەپتىمەن. پىيادە ماڭغاچقا ئۇزۇندا كېلىپ بولدۇم.

يەنە يالغان گەپ قىلدىم. ئەمما بۇ قېتىم ئۆزۈمنى ئەيىپلىمىدىم. گۈلجامالنى كۆرۈۋالدىم تېخى بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ غىزالاندىم. ئاتا ـ ئانىسى بىلەنمۇ

كۆرۈشتۈم. ھەر ھالدا ياخشى تەسىر قالدۇردۇمغۇ دەيمەن!؟ شۇنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ بۇ يالغان ھەقىقەتەن ئەرزىيتتى. ئىشقىلىپ ئۆيدىكىلەرنىڭ بۇرۇتىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتتىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ئارا كۈندە بىر گۈلجامالللارنىڭ مەھەللىسىگە قاتىرايدىغان بولدۇم. بېرىپ ئۇياق - بۇياقتا ئايلىنىپ يۈرەتتىم، بىراق تۇنجى كۈنى كىرگەندىكىدەك ئۆيگە ئوسۇپلا كىرىشكە مۇمكىن بولمىدى. ئۇ چاغدىكى تاھارەتكە سۇ سوراش باھانىسىنى ھەر قېتىم ئىشلىتىۋەرگىلى بولمايدۇ-دە! ئەمما سارالنىڭ كۆڭلىنىڭ قۇترىتىشى يامان چىقىپ قېلىپ، پۇتلىرىم ھە دېسىلا شۇ تەرەپكە تارتاتتى. ئاخىرى ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ بۇنىڭغىمۇ ئانچە - مۇنچە چارىلارنى تاپتىم.

ئۇ زامانلاردا ھازىرقىدەك ئىسىل جاۋەنلەر، ئاشخانا جابدۇقلىرى نېمىش قىلىدۇ؟ نان - پانلارنى سېۋەتكە سېلىپ، تورۇسقا ئاسقۇ

ياساپ، سېۋەت بىلەنلا ئېسىپ قويۇپ ساقلاپ يەيتتۇق. بۇنىڭ بىلەن چاشقانلارنىڭ غاجىلاپ بۇزەپ قىلىشىۋېتىشىدىن ساقلانغىلى بولاتتى. بىر كۈنى ئانام سارغايتىپ پىشۇرۇپ سېۋەت بىلەن ئاسقۇغا ئېسىپ قويغان زاغرا ناندىن بەشنى، دادام يەكشەنبە بازاردىن ئالغاچ چىققان قوش مۈشتەتتەك ئانار دىن ئىككىنى بىر ياغلىققا چەگدىم-دە، پىيادە ھالدا يۇقارقى مەھەللىگە قاراپ ماڭدىم. ئابدۇللا خاتىپنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۈستۈشېمىنى بىر ئاز تۈزەشتۈرىۋالغاندىن كېيىن، ئاستا بېرىپ ئەگۈننى يېپىنىڭ مۈشتىلىدىم. بۇ قېتىم ئۆيدە گۈلجامالنىڭ ئانىسى يالغۇز بولۇپ، گۈلجامال ۋە ئابدۇللا خاتىپ يوق ئىكەن. مەن ئۆيدىن يۇشۇرۇنچە ئالغاچ كەلگەن نان ۋە ئانارنى خاتىپنىڭ ئايالىغا قوش قوللاپ ئۇزاتتىم ۋە يالغان ئېيتىپ «ئۆتكەندە ئۆيلىرىگە باشلاپ نامازغا جاي راستلاپ بەرگەنلىرى ھەم داستىخانغا باشلاپ مېھمان قىلىپ ياخشى كۈتىۋالغانلىرىنى ئانامغا دەپ

بەرگەن ئىدىم، ئانام سىلىگە رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن بۇ نەرسىلەرنى سىلىگە ئەۋەتتى ھەم ئۆزلىرىگە سالام ئېيتتى›› دېدىم. بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ خۇشلۇقىدىن بۇۋىم ئاچامنىڭ ئېغىزى قۇلىقىغا يەتتى. ئىشقىلىپ بۇرۇتىدىن ئۆتتۈۋالدىم، يالغان سۆزلىگىنىمنى كىم بىلەتتى؟!

بۇ ئايالنىڭ دەپ بېرىشىچە، گۈلجامال بۇلارنىڭ ئۆز قىزى ئەمەس بولۇپ، ئۆز ئاتا - ئانىسى سەيپۇللا قارىم بىلەن بەختىخان گۈلجامال سەككىز ياشقا كىرگەن يىلى ئۆنى ئابدۇللا خاتىپ بىلەن ئايالىغا ئامانەت قىلىپ قويۇپ، ھەرەمگە ھەج قىلغىلى كەتكىنىچە، تېخىچە ھەج قىلىپ بولالمىدىمۇ ياكى قازا يېتىپ خۇدانىڭ دەرگاھىغا كېتىپ قالدىمۇ، خەت - خەۋەرسىز غايىپ بولۇپ كېتىپتۇ. گۈلجامال ئەنە شۇنىڭدىن بېرى ئابدۇللا خاتىپ بىلەن ئايالىنىڭ تەربىيىسىدە ئىكەن. ئۆز ئاتا - ئانىسى بۇ ئۆيدە قويۇپ كەتكەندە گۈلجامال ئەقلىنى جورىغۇدەك ياشتا بولغاچقا تېخىچە ئۆزىنى

ئالغىلى كەلمىگەن ئاتا - ئانىسىنى تولا ئەسلەپ خىيال سۈرۈشۈپتۇ، جىمغۇر، خىيال سۈرۈشكە ئامراق، ئادەملەرگە ئارىلاشمايدىغان، ئىچ مىجەز قىز بولۇپ قاپتۇ. ئۇنى سوراپ تالاي ئەلچىلەر كەلگەن بولسىمۇ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆلۈك تىرىكلىكىدىن تېخىچە خەۋەر بولمىغاچقا ئابدۇللا خاتىپلار كەلگەن ئەلچىلەرنى ئۆزرە بىلەن ياندۇرۇپ، قىزنى بالا قىلىپ ئۆتىشۈپرىپتۇ.

ئۇ كۈنى مەن خوشلىشىپ يېنىپ چىققۇچە ئابدۇللا خاتىپ بىلەن گۈلجامال قايتىپ كەلمىدى. بۇ قېتىممۇ ئۇنى كۆرەلمەي، لىۋىمنى ئارمان بىلەن چىشلىگەن پېتى مەھەللىمگە يول ئالدىم. ئەتىسى دادام تاپشۇرغان ئىشلارنى بىر قۇر قىلىۋېتىپ قولۇمنى بوشاتتىم-دە، يەنە بىر باھانە تېپىلىپ قالار دەپ ئۈمىد باغلاپ گۈلجامالارنىڭ مەھەللىسىگە قاراپ ماڭدىم. كېتىۋاتسام كىچىك ۋاقتىمدىكى ئاغىنەم بەكرى، ھېلىقى قۇشقاچ كامىردىن يىلان

ئېلىپ قورقۇپ كەتكەن بەكرى ئاغىنەم ئۇچراپ قالدى. قارىسام قولى ئۈزۈن بەزى كىشىلەر، بولۇپمۇ كەنتىمىزدىكى مەكتەپكە يىراقتىن كېلىپ - كېتىپ ئىشلەيدىغان مۇئەللىملەر كۆتىنى ئارتىۋېلىپ، پالاقشىپ ئوخشايدىغان بىر جۈپ پەنجىسىگە ئىككى پۇتلاپ توختىماستىن تېپىپ ھەيدەيدىغان، مەھەللىدىكى چوڭلار «شەيتان چاق» دەپ ئاتىۋالغان ئىككى چاقلىق، توپاق مۆڭگۈزىدەك غەلتە تۇتقۇچى بار بىر نېمىگە مىنىۋېلىپ شۇنىڭ چاقىنى غىلدىرلىتىپ دومىلاتقىنىچە ئالدىمدىن چىقىپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇ مەندەك مەكتەپتىن چىقىۋالماي ئۆرلەپ ئوقۇغان بولغاچقا ھازىر يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ئىدى. دارىلمۇئەللىمىن دەمدۇ، دارىلمۇتەسسىپ دەمدۇ، ئىشقىلىپ شۇنداقراق بىر مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلگەنمىش. شۇنداق قىلىپ بۇ مۇئەللىم ئاداش كۆتىدىكى شەيتان چاقنى يورغىلىتىپ ئالدىمغا كەلدى ۋە بويىنىنى لىككىدە ئېتىپ سالام قىلىپ قويۇپ ئۆتۈپ

كېتىشــكە تەمشــەلدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا قاراپ خۇيۇم تۇتتى. شــۇ ھامان ئالدىنى توردىم:

ـ توختاڭلار بەكراخۇن! مۇشــۇ كۈنلەردە بەك ھالىڭلار يوغان بولىۋالدى جۇما ســىلىنىڭ! ، ـ دېــدىم ئۇنىــڭ ئــالدىنى بىر قولۇمنى ئۈزۈتۈپ تۇرۇپ توسۇپلا ، ـ نېمەڭلىكەن بۇ؟ شەيتان چاققا كاسىسىنى ئارتىۋالغان كىشى شۇنداق يوغىناپ كېتەمدىكەن يا؟

ـ يــاق... يــاق ئــاداش...ـ بەكــرى ھۇدۇقۇپ ئاران سۆزلىدى ۋە بۇقا مۈڭگۈزلۈك تــۇتــقــۇچــىنــىــڭ بــىــر يەرلــىــرىــنــى چــىــك ســىقىمدىغىنىچە ئاســتىدىكى شــەيتان چاقنى توختــاتتى، ـ ئۆيگە ئــالــدىراپ دەڭلا، يوغىنــاپ كەتكەن ئىش يوق. شــۇ دادام بۈگۈن رۇخســەت ســوراپ يېنىپ كەل، جىــددىي ئىش بــار دېگەن... شــۇ... شۇڭا...

ـ ھە، شۇنداق بولسىمۇ خۇدانىڭ سالىمىدىن بىرنى بېرىۋېتىپ ماڭىلى ئاداش ھەر قانچە پۇلغا ئالغان سالام بولسىمۇ.

ـ ۋاي تو ۋا!... نېمانچە گەپ قىلىسەۋۋې ياسناخۇن؟ ھەجەپ تەئەددى قىپ كەتتىڭلا ئەل - ئۆمرۈمدە بىر قېتىم ئالدىڭلاردىن توغرا ئۆتۈپ قالغانغا...

بەكرى قىزاردى، ئارقىدىن بۆزدەك تاتاردى. ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكى ئېنىق ئىدى.

ـ ھە بولدى، بولدى، چاقچاق قىلدىم ئاداش. ھە راست، نېمەڭلىكەن بۇ كۆتۈگلىگە باستۇرۇپ يورغىلىتىپ يۈرگىنىڭلار؟

ـ بۇ ۋېلسىپىت ئاداش.

ـ ھە، قانچە پۇلكەن بۇ تۆمۈر؟ نەدىن ئالدىڭلا؟

ـ ئاۋۇ سودا كوپىراتىپىنىڭ دۇكىنىدىن ئالدىم ئاداش. ئاتمىش كوي.

ـ نېمە؟ ئاتمىش كوي؟ ياۋپىر!... ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغان مال ـ دۇنيايىڭلار باردە ئاداش. ھۆكۈمەتنىڭكىنى يەۋاتامسىلەر يا؟

ئۇزا مانلاردىكى ئاتمىش يۈەننىڭ ھازىرقى ئالتە مىڭ يۈەندەك قىممىتى بولغاچقا بۇ

شەيتان چاقنىڭ باھاسىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم. لېكىن دەقىقە ئۆتمەي ئىچىمگە بىر ئوت كىرىۋالدى، يەنى بۇ ۋېلسىپىت دەپ ئاتىلىدىغان يورغىلىغۇچنى مىنىشنى ئۆگىنىپ، ئاندىن دادامغا دەپ بىرنى ئالدۇرۇش قارارىغا كەلدىم.

ـ ئەكىلىڭلا مەن بىر ئارتىلىپ باقاي بۇنىڭغا، ـ شۇنداق دەپ بەكرىنىڭ بېرىش ـ بەرمەسلىكىگە قارىمايلا شەيتان چاقنىڭ تۇپاق مۈڭگۈزلۈك تۇتقۇچىنى تارتىۋالدىم، ئاندىن كاسامنى ئۆچكە يۈزىگە ئوخشايدىغان ئولتۇرغۇچىغا قويۇپ پالاق تەپكۈچىگە پۇتۇمنى ئالدىم ۋە كۈچ بىلەن تەپتىم. شۇنداقلا تەپكىنىمنى بىلەتتىم، بۇ نەرسىنىڭ ئۇنچىۋالا تىزلىكىنى نەدىن بىلەي؟ شەيتان چاق بىلەن قوشۇپلا يولغا دوملاپ چۈشتۈم. ئۈستىۋاشلىرىم توپىغا مىلىنىپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنىنىڭ تاشايىنىدا سول تەرەپ بەدىنىم سىرقىراپ ئاغرىپ كەتتى. ئاچچىقىمدا شەيتان چاقنى زەرپ بىلەن ئىتتىرىۋەتتىم.

ـ قانداق نېمە بۇ؟! ئۆسكەك بوقىدەك قىلىقى باركەن دېسە؟... ۋاي ... ۋاي...

هى هى... ـ كۈلدى بەكرى مېنى يۆلگەچ، ـ چىچالمىساڭلا پو قاڭلىمدىن كۆرمەڭلا ئاداش. مەنمۇ هەيداۋاتىمەنغۇ بۇنى؟ ئۆگۈنۈۋال ساڭلا هېچقانچە تەس ئىش ئەمەس بۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەندە شەيتان چاقنى هەيدەشنى ئۆگۈنۈش ئىستىكى قوزغالدى.

ـ ئەمسە ماڭا ئۆگۈتۈپ قويۇڭلا ئاداش. ئەلدىن ئەلگە نەپ دەپتىكەن، سىلىدىن ماڭا شۇ هۈنەر بولسىمۇ يۇقسۇن.

ـ هە شۇ، كىچىك چاغلىرىمىزدا سىلىدىن ماڭا خېلى ـ خېلى هۈنەرلەر يۇققان ئىدى، ئەمدى قايتۇرۇپ بەرمىسەممۇ بولماس هە؟ هى هى هى...

ـ هاهاهاه...

بەكرى كىچىك چاغلىرىمىزدىكى كەپسىزلىكىمىزنى ۋە مەن ئۇنىڭغا ئۆگەتكەن ئەسكى قىلىقلارنى كۆزدە تۇتۇپ شۇنداق

دەۋاتاتتى. ئۇنىڭ چاقچىقىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدىم.

ـ بوگۈن بولمايدۇ ئادىشىم، ـ دېدى بەكرى كۈلكىدىن ئۆزىنى ئاران تۇختىتىپ، ـ دادام رۇخسەت سوراپ يېنىپ كەل دېگەن. ئۆيدە قارىشىپ بەرمىسەم بولمايدىغان مۇھىم ئىش باركەنمىش. ئۆگۈنلۈككە دەم ئالىمەن. شۇ چاغدا ئۆگۈتۈپ قوياي.

گەپ شۇ نداق قارار تاپتى. بەكرىنىڭ ۋېلسىپىتىنىڭ كەينىگە مىنگىشىپ يېرىم يولدىنلا مەھەللىگە قايتىپ كەلدىم ھەمدە ئۆگۈنىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، ئۆيدىكى ئىشلارغا ياردەملەشكەچ مۇزدۇزلۇق ھۈنىرىمگە كىرىشىپ كەتتىم. ئەمما كاللامدىن گۈلجامالنىڭ خىيالى بىر دەممۇ نېرى بولمايتتى.

بەكرىنىڭ زىرىكمەي ئۆگۈتۈشى ۋە يېتىلەپ بېرىشى بىلەن ئاخىرى ۋېلسىپىت مىنىشنى ئۆگىنىۋالدىم. بىراق ئائىلىمىزدە ۋېلسىپىت ئالغۇدەك پۇل يوق ئىدى. ئۇ چاغلاردا بىزدەك دېھقان خەق دېگەن ئاتمىش كوي

ئەمەس، ئـالته موچەننىمۇ تىترەپ تۇرۇپ خەجلەيدىغان ۋاقىتلار بولغاچقا بىرلا ۋاقىتتا بۇنچىلىك كۆپ پۇلنى غەملەش تەس ئىدى. بىراق، بۇ نەرسـنى مىنىپ بېرىپ گۈلجامال ۋە ئۇنىڭ باققان ئاتا - ئانىسـىـغا بىر كۆرسـىـتىپ قويغۇم كېلىپ چىدىيالمايى قالدىم. شۇنداق قىلالىسام ئۇلارنىڭ ئالدىدا نوچى ھېسـاپلىناتتىم. دۇكاندىن ھازىرلا سېتىۋېلىش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن بەكرىنىڭ ۋېلىسىپتىنى يېرىم كۈنلۈك سوراپ، قويۇندەك تىز ھەيـدىگەن پېتى گۈلجـامـاللارنىـڭ مەھەللىسـىگە قـاراپ ئۇچتۇم. بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ ئۆيىنى يىرەكلىك ھالدا چەكتىم. تاپقان سـەۋەبىم «ۋېلىسـىپىت ھەيدەپ ئۇزاق يول يۈرۈپ، ھېرىپ ئۇسـاپ كەتكەچكە ئۇسسـۇلۇق سـوراش» بولدى. ئىلگىرىكى ئىككى قېتىمقىغا ئوخشـاشـلا يەنە قىزغىن قارشـى ئېلىندىم. بۇ قېتىم ئۆيدىكى ھەمـمەيلەن بـار بـولـۇپ، ئـۇلارغـا «كۆرسىتىپ» قويۇش مەقسىتىمگە تولۇق يەتكەن ئىدىم. شـۇنداق قىلىپ، ھېلى ئۇ

ئىشــــنى، ھېلى بۇ ئىشـــنى باھانە قىلىپ يۈرۈپ تولا كىرىۋېرىپ بۇ ئۆينىڭ دائىملىق مېھمىنىغا ئايلاندىم. تېخىمۇ ياخشـــى يېرى، خاتىپ ئاخۇنۇم باشـقىلارغا ۋەز ـ نەسـىھەت قىلىشقا تولىمۇ ئامراق كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ گەپلىرىنى خوشياقمىسىمۇ ئاڭلاشقا ئىنتىزاردەك قىياپەتتە زەڭ قويۇپ ئاڭلاپ، زېرىكســــەممۇ خۇشــتاردەك كوچىلاپ ســوراپ يۈرۈپ ئۇنىڭ ئىخلاسمەن ئاڭلىغۇچىسىغا، سادىق مۇرىتىغا ئايلاندىم. شۇنداق بولغاندا بۇ ئۆيگە قاچان خالىســام شــۇ چاغدا كېلەلەيتتىم. «دەرس ئېلىش» باھانىســـدا كەلســەم بولىۋېرەتتى ھەم ھېچكىم گۇمان قىلمايتتى. يەنە كېلىپ ھەر قېتىم كەلگەندە بەكرىنىڭ ۋېلىسـىپىتىنى ســوراپ، شــۇنى ھەيدەپ كېلەتتىم. ئەمما تاكى بۇ ئىش بۇزۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ ئۆيــدىكىلەر مەنــدىن قىلچىلىــك گۇمــان قىلمىــدى. يەنى گۈلجامــالنى مــاراپ كەلگىنىمنى ھېچ كىشـــى بايقىمىدى. شـــۇ تەرزدە بىرەر ئايچە گۈلجا ماللارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ـ كېتىپ، ئىش ـ كۈشـــلىرىگە

قارىشىپ بېرىپ، ئاخۇنۇمنىڭ تەبلىغىنى ئاڭلاپ يۈردۈم.

بىر كۈنى يەنە شۇ ۋېلىسىپىتنى سوراپ ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە كەلدىم. ئاخۇنۇم هويلىدىكى تال - باراڭنىڭ ئاستىدىكى سۇپىدا قۇرئان ئوقۇۋاتقان ئىكەن. ئاخۇنۇمنىڭ ئايالى قەمەرخان بۈۋىم بىلەن كۆرۈشتۈم، ئاندىن تىلاۋەتنى قىلىپ بولغىچە يارىدەملىشىدىغان ئىش - كۈش بولسا قارىشىپ بەرگەچ تۇراي دېدىم. قەمەرخان بۈۋىمۇ تەكەللۇپ قىلمايلا مېنى باغقا باشلاپ چىقتى ۋە يوغان بىر كۆتەكنى كۆرسىتىپ مۇشۇنى ئوتۇن قىلىپ پارچىلاپ بېرىشىمنى ئېيتتى. مەن پالتىنى قولۇمغا ئېلىپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتىم. ئالاھەزەل بىر ئاش پىشىمدىن ئۇزاقراق ھەپىلىشىپ يۈرۈپ كۆتەكنى ئوتۇن قىلىپ ئۇششاق پارچىلاپ بولدۇم. بۇ چاغدا ھېرىپ - تەرلەپ ھالىم قالمىغان ئىدى. تالاشقا سالغان ئىتتەك ھاسىراپ، پىشانەمدىن ساقىۋاتقان تەرنى سۈرتۈپ ھويلىغا كىرسەم

بايا ئاخۇنۇم قۇرئان ئوقۇپ ئولتۇرغان سۇپىدا چىرايىدىن مۇز ياغدۇرۇپ ئانام، قۇرسىقىنى ھازىرلا تۇغىدىغاندەك دومبايتىۋېلىپ، يامغۇردەك ياش تۆكۈپ نۇرنىسا ئىككىسى ئولتۇراتتى. قەمەرخان بۇۋىمىنىڭ چىرايى خەسىدەك تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئاخۇنۇمۇ تىترىگەن ھالدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇراتتى.

- ھۇ ھۇ ھۇ... تووۋا خۇدايىم! تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان بالىسىنىڭمۇ يۈز - خاتىرىسىنى قىلمىسا، قانداق ئادەم دېگىلى بولىدۇ بۇنى؟ - دەيتتى نۇرنىسا ئانىسى ئۆلگەندەك بۇقۇلداپ يىغلاپ، - بالام يېتىم بولمىسۇن دېمىسەم خېتىمنى ئالاتتىم بۇ كەمگىچە، ھۇ ھۇ ھۇ...

تووۋا! بۇ قېلىقنى نېمە دەي ئەمدى؟ ئەتىگەن مەن بۇ يان ماڭغاندا نېپىز قارا ئەتلەس كۆينىكىنىڭ تېشىدىن قىزىل دۇخاۋا جىلىتكە كىيىۋېلىپ، ئورغاق بىلەن تاغارنى قولتۇقلاپ «بىدە ئورۇپ كېلىمەن» دەپ كېتىپ بارغان نۇرنىسا يېرىم كۈن ئىچىدىلا قۇرساق

كۆتۈرۈپ، يەتتە ـ سەككىز ئايلىق قىلىپ بولغان ئىدى. زوۋانىم تۇتۇلۇپ گەپكە كەلمەي قالدى، «ئۇ ئەمەسمۇ يا؟» دەپ سىنچىلاپ قاراپ باقتىم، ئەمەس بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. نۇرنىسانى كۆيدۈرۈپ كۆلىنى ئەكىلىپ بەرسىمۇ تونۇيمەن. ئاۋۇ سوپىدا قېرى ئىنەكتەك يوغان قورسىقىنى دومبايتىپ، تاغاردەك كەڭرى چىت كۆينەك كىيىپ ئولتۇرغان ئايال نۇرنىسانىڭ ئۆزى شۇ. ئەمما ئۇنىڭ قورسىقى؟!...

ـ بالىغا ياخشى تەربىيە قىلمىغان گۇناھ مەندە، لېكىن سىلىمۇ قىزلىرىغا ئوبدانراق تەربىيە قىلسىلا بولاتتىغۇ؟ گۈلجامالخانغۇ گۈلدەك چىرايلىق قىز بوپتۇ. بىراق بىزنىڭ بالا دېگەن ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغان، يەنە كېلىپ بالىسىنىڭ تۇغۇلۇشىمۇ ئازلا قالغان قارىسىلا، ھە! ھەر قانچە بولسىمۇ سۈرۈشتە قىلىپ بېقىپ ئاندىن باشلىمامدىلا ئۆي دېگەنگە؟! ئىشىك چېكىپ، «كۈيئوغۇل بولاي» دېسىلا «خۇدايىم بەردى» دەيدىغان گەپمىكەن ئاخۇنۇم؟

ئانام ئەسلىدىكى ئېغىر بېسىق، سىلىق ـ سىپايە، رايىش مىجەزىنى بىراقلا ئۆزگەرتىپ، ئابدۇللا خاتىپقا گۆلەيدى. ئولتۇرغان يېرىدىن ئازراق قەد مىدىنى سىپ قويۇپ ماڭا تىكىلىپ قارىدى، ئاندىن نۇرىنسانى ئىما قىلىپ تۇرۇپ يەنە سۆزلىدى:

ـ كۆرۈۋاتىدىلا ئاخۇنۇم، ماۋۇ بىزنىڭ كىلىنىمچۇ، سىلىنىڭ قىزدىن قېلىشقۇسىز چىرايلىق، ئىسىل قىز ئىدى. بىزگە كىلىن بولۇپ ئوغلۇمنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈپ، ھەممىمىزنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۆي ئىشى قىلمەن، ئېتىز ئىشىغا قاتىرايمەن، قۇرساق كۆتۈرىمەن دەپ چىرايى مۇنەك شاپتۇلدەك بولۇپ قالغاندا ئەمدى كېلىپ سىلىنىڭ قىزغا چاچراپتۇ. كېيىن گۆلجامالخاندىن چېنىپ يەنە باشقىسىغا قارىۋالماسىما؟ ئەڭ مۇھىمى قارىسىلا، ـ ئانام ئاخۇنۇمغا بوينىنى سوزۇپ ئاۋازىنى چىڭراق چىقىرىشقا تىرىشىپ ئۈنلۈك سۆزلىدى، ـ بىز ما قىزلىرىنى بىزنىڭ بالىغا ئېلىپ بېرىدىغان ئىش بولسىمۇ كىچىك خوتۇنلۇققا ئېلىپ

بېرەلەيمىز. كىلىنىمىزنى قويۇۋېتىمەن دېسە، مېنىڭ ئۇنداق بالام يوق، بىلىپ قويسىلا!

چۇقامدىن تۇتۇن چىقىپ كەتتى. «كىچىك خوتۇن؟ كىلىنىمىزنى قويۇۋەتسە؟...» نېمە دېگەن دەھشەت گەپلەر بۇ؟ دۇنيادا نەدىمۇ ئالمىغان خوتۇننى كىلىن دەپ نەمۇ ـ نە سۆرەپ يۈرىدىغان ئىش بار؟ نەدىمۇ توي قىلىپ باقماي تۇرۇپ ئالماقچى بولغان خوتۇننى چوڭ ـ كىچىك دەپ ئايرىپ يۈرىدىغان گەپ بولىدۇ؟ چۈش كۆرسەممۇ ئۇخلىغاندىراق كۆرمەسمەنمۇ تۇۋا؟! بۇ ئانام ئېلىشىپ قالدىمۇ يا؟ چوقۇم شۇ. نۇرنىساغىمۇ كېسەل تېگىپتۇ...

ـ گەپ قىلسىلا قارىم بالام، ـ دېدى ئاخۇنۇم ماڭا چىرايىنى تۈرۈپ يەۋەتكۈدەك قاراپ، ـ نېمە گەپ بۇ؟ سىلە بۇ ئۆيگە زادى نېمە مەقسەتتە كېلىپ ـ كېتىپ يۈرىدىلا ھە؟ ماۋۇ خانلىرىم نېمە دەيدۇ زادى؟ بىزنىڭ گۈلجامالخان ئۇنداق ئارقا تاملاردا ئوغۇللار بىلەن يېتىلىشىپ يۈرىدىغان قىزلاردىن ئەمەس. بىكاردىنلا تۆھمەت ئارتىۋالسا خۇدا

راۋا كۆرمەيدۇ بالىكام. خەقنىڭ ئىززىتى بىلەن شۇنداقمۇ ئويناشقان بارمۇ؟...

ـ خۇدايىمدىن قورقسا تۇغۇلمىغان بالىسىنىڭ يۈزىگە ئاياغ قويماستى، ھۇ ھۇ ھۇ ھۇ...

چىشىم قىيىشىپ، ئاچچىقىم مىڭەمگە تەپتى. ماۋۇ نۇرنىسانى دەسسەپ مىجىپ، قارنىنى بۆسۈپ، ئۆچەي ـ پوچەيلىرىنى چۇۋۇپ ئېلىپ بېشىغا يۆگەپ قويغۇم كېلىپ كەتتى. شۇنداقمۇ بېشى يوغان بولىدىكىنا قىز بالا دېگەننىڭ!؟

ـ ھەي ساراڭ، ـ دېدىم مەن نۇرنىسانىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ، ـ قايسى تۇغۇلمىغان بالامنى...

ـ نېمە بولىۋاتىمىز ياسىناخۇن بالام؟ ـ دېدى ئانام ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىمغا يۈگرۈپ كېلىپ، ـ تۇغاي دەپ قالغان خوتۇننى ئۇرۇپ بىرىپ، تىزراق تۇغدۇرۇپ قوياي دەۋەتامىلا جېنىم بالام؟ ھازىر قىلىپ يۈرگەن سەت ئىشلىرى ئاز كېلىپ ئۆز قوللىرى بىلەن تۇغدۇراي دەۋاتامىلا يا؟ ياخشى

كۆڭۈللىرى تېگىل بولىدى ئالتۇن بالام، ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە خۇدايىمنىڭ ئىنايىتى بىلەن ئۆزى تۇغۇلار. بۇ ئىشلارغا سىلى كايىمىسىلا. ھازىر ماۋۇ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىۋالايلى!...

ئانام شوندىاق دەپ بىلىكىمدىن تارتتى، لېكىن شۇنداقلا تارتقاننى قىلىپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ بىلىكىمنى شۇنچىلىك قاتتىق چىمدىدىكى، تاس قالدىم ئاغرىققا چىدىماي ۋارقىراپ سالغىلى. ئانامنىڭ ماڭا ‹‹چاندۇرما›› دېگەن مەقسەتىنى بىلدۈرمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېشىمنى تۆۋەن سالدىم، سېھىرلەپ قويغاندەكلا زۇۋانىم تۇتۇلدى.

- قانداق قىلىمەن ئانىكا؟ ھۇ ھۇ ھۇ... ھېلىتىنلا مۇشۇنداق قىلغىلى تۇرسا، كېيىن قانداقمۇ بىر ئۆينى ئۆي قىلارمىز؟... ھۇ ھۇ... نېمە پوق يەپ تېگەر بولغىيدىم... ۋاي قانداق قىلاي...

- ھەي، نېمانداق ئىزا تارتمايدىغان نېمە سەن؟ مەن قاچان سەن بىلەن...

شۇنداق دېيىشىمگە ئانام ماڭا قاراپ قەھرى بىلەن چەكچە يدى. مەن غىتقىدە بولۇپ، جايىمغا مىخلاپ قويغاندەك تۇرۇپلا قالدىم.

ـ بولدى ئەمدى، بالىلىرنى ئېلىپ چىقىسىلا ھويلامدىن ـ دېدى قەمەرخان بۇۋىم قولىنى شىلتىپ غەزەپ بىلەن، ـ ئىت پوقىدا بوي سالغاندەك ئارا كۈندە ئالتە قېتىم كېلىپ سۈركىلىپ يۈرسە بوپتۇ، ئىنسانچىلىقتا كۆڭلىنى سۇندۇرماي دەپتىمەن. بەش ناماز ئوقۇپ، قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ ھالى قالمىسا خېلى تۈزۈك ئادەمنىڭ بالىۋاقىسى ئوخشايدۇ دەپتىمەن. توۋا قىلدىم خۇدايىم، يۈز دېگەنمۇ داپتەك باركەن زادى! بۇ يەرگە كېلىپ بىزگە ئۇرۇ شۇپ بېرىشمەي ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ ئۇرامىلا، تىللامىلا، چاپامىلا ئۆزلىرىنىڭ ئىشى. تولا بىزنىڭ بوسۇغىنى نىمكەش قىلماي چىقىشسىلا ھويلامدىن!

قەمەرخان بۇۋىمنىڭ قىلغان گەپلىرى قۇلىقىمدىن كىرىپ، ئۇچەي باغرىمنى پېژىلتىپ كۆيدۈرۈپ، يۈزۈمگە كېلىپ توختىدى.

ـ ئەمدى ماۋۇ ھويلىنىڭ بوسۇغىسىدىن يالاق ئىزدىگەن ئىتمۇ كىرمىسۇن!

ئابدۇللا خاتىپ ئاخۇنۇم كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى چىنەپ ئايالىغا دەرۋازىنى ئىشارەت قىلدى ۋە چاقماق چاققاندەك سۇرلۇك ئاۋازى بىلەن شۇنداق دېدى. ئۇنىڭ بۇ گېپى ماڭا «سەنمۇ يالاق يالىغان ئىت» دېگەندەك تۇيۇلۇپ يۈرىكىم ئۆرتىنىپ كەتتى. ئۇ گېپىنى دەپ بولۇپ، مەيدىسىگىچە ساڭگىلاپ تۇرغان ئاپئاق ساقاللىرىنى قاماللىغىنىچە مىلەڭزىنى قايرىپ ئۆي ئىچىگە كىرىپ كەتتى. قەمەرخان بۇۋىدىمۇ ئاخۇنۇمنىڭ ئارقىسىدىن كىرىپ كەتتى. ھايال ئۆتمەي ئۆي ئىچىدىن گۈلجامالنىڭ ھىقىقداپ يىغلىغان زىل ئاۋازى ئاڭلاندى. خاتىپ ئاخۇنۇم بىلەن بۇۋىم ئۆيگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىنلا ئاغزىنى تۇتۇپ پىخىلداپ كۈلۈشكە باشلىغان نۇرنىسا دىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئانامنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە پەس ئاۋازدا سۆزلىگەچ قولىدىن تارتىپ سىرتقا ماڭدى:

ـ خاننسا ئانا، ئەمدى كېتەيلى جۇمۇ. بىكار چاندۇ ھېلى ھى ھى ھى...

توۋا ما ئىشنى! ئۇنىڭ نەرى ھاملدار ئايالغا ئوخشايدۇ؟ قۇرسىقى شۇنچۋالا يوغىنغان ئىككى قات ئايال بۇنداق مۇشۈكنىڭ ئاسلىندەك يەڭگىل دىكىلداپ يۈرەلەمدۇ؟ ئاناڭنى گۆينىڭ قىزى! خەپ جۇمۇ، خەپ!...

ـ ئوبدان بولدى مانا، گۇناھسىز بىر قىز بالىنىڭ دىلىنى ئاغرىتىپ قويدۇق. خۇدايىم ئەپۇ قىلار ئىگەكىم. ئىست، ئىست...

ئانام بېشىنى چايقاپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغىنچە سىرتقا ماڭدى.

ـ ئۇ قىزنىڭ خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى بىز نەدىن بىلەتتۇق خاننسا ئانا؟ ـ دېدى نۇرنىسا ئانامغا ياندىشىپ مېڭىپ، ـ بەكرى دېگەن لاتا مۇئەللىمۇ ئېنىقراق دەپ بەرسە بولىدىغان گەپ. ئۇ قىزنىڭ خەۋىرى يوقلىقىنى باشتا ئوچۇق دېگەن بولسا باشقىچىرەك ئامال تاپماسمىدۇق؟

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەيران ـ ھەس قالدىم. بەكرى! شۇ چىدىماس چېقىپ قويغان گەپ. ئۆتكەندە بىر قېتىم ئۇنىڭ كەينىگە مىنگىشىپ ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغىچە ئەكەلگىلى سالغان، ئاندىن ئۇنى ئىشىك تۈۋىدە ساقلىتىپ قويۇپ، ۋەلىسىپىتنى يېتىلەپ ئابدۇللا خاتىپنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئەھۋال سوراش باھانىسىدا گۈلجامالنى كۆرۈپ چىققان ئىدىم. يولدا كەلگۈچە گۈلجامالنىڭ گېپىنى قىلىپ، نېمە ئۈچۈن بارىدىغانلىقىمنۇ دەپ قويۇپتىمەن. بىر چۆگۈن چاي چاينىمچىلىكلا ھايال بولغان ئىدىم بولمىسا، شۇنىڭغا «ئىشقا كېچىكىپ قالدىم، مەكتەپ مۇدىرى بىلسا مائاشىمدىن تۇتىدۇ» دەپ كايىپ خېلى غۇدۇرىغان ئىدى. ھېچكىمگە تىنما دەپ جىكىلىگەنلىرىم تېخى! ھەي ئىست، بىلى بوش ئادەم دېگەننىڭ زادى خائىن كېلىدۇ. خەپ بەكرى...

ـ ۋۇيت غوجام بالام، ماڭلى ئۆيگە! ئاڭلىدىلىغۇ بايا، ئىت پوقىدا بوي

سالماپتىمىش. ئەمدىچۇ، شاپاقتا باغاق يېزىق چاقىرغاندەك چولىمىز تەگسىلا كېلىشۋېلىشۇەرمەيلى جۇما!

- ھى ھى ھى ھى...

خىيال بىلەن بولۇپ تۇرۇپ قاپتىمەن. ئانامنىڭ سېبىق گەپلىرىگە پىخلداپ كۈلۈشاتقان نۇرنىساغا قاراپ جەھلىم بىلەن ئالايدىم ۋە بىزەڭلىك بىلەن كۈلۈپ تۇرغان نۇرنىسانىڭ ئالدىدىن بوينۇمنى غازدەك تۇتۇپ ئۆتۈپ كەتتىم. يولغا چىقسام ئون ياشلىق ئىنىم مىرسالى تىرەككە باغلاپ قويۇلغان ئىشەك ھارۋىمىزدا ئوڭدىسىغا ياتقىنىچە خىيالغا كېتىپتۇ.

- شۇنچىمۇ ئۇزۇندا چىقامسىلە؟ تاس قالدىم مەن ئۇخلاپ قالغىلى، - دېدى ئۇ نارازى بولغان ھالدا تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ.

- تا ياقنى ئاكاڭغا بەر، - دېدى ئانام مىرسالىغا، - بىزدىن ئالالماي قالغان بىر مۇنچە ئاچچىقى بار، ئىشەكنى ئۇرۇپ

بولسىمۇ چىقىرىۋالغاچ ھارۋىنى ئاكاڭ ھەيدىسۇن!

ـ ھا ھا ھا ھا...

نۇرنىسا قاقاقلاپ كۈلگەچ پەشلىرى لەپەڭشىپ تۇرىدىغان كەڭ كۆينىكىنىڭ ئېتىكىنى قايرىپ بىردەم ھەپىلىشىپ، ئىچىدىن ياغلىققا ئورالغان بوغجۇمىدەك بىر نەرسىنى ۋە ئۇنى باغلاپ تاڭغان لاتىنى چىقاردى. نۇرنىسا ھارۋىغا تاشلىغان بوغجۇمغا قاراپ ئىچىدىكىنىڭ پاختا ئىكەنلىكىنى بىلدىم. شۇ ھامان تېخىمۇ ئىچىم قايناپ ئەلەم بىلەن لىۋىمنى چىشلىدىم. ھەجەپ قىلدا ماۋۇ بىشەم خوتۇنىنىڭ قىزى! خەپ! قېنى كۆرەرمىز، ئۇنداق قىلىپ يۈرگىنىڭ بىلەن مەن ئالسام ھېساپ! ئالماي تۇرۇپلا تالاق قىلىۋېتىمەنغۇ سەن ھازازۇلنى!...

شۇ كۈنى ئۆيگە كىرىشىمىز بىلەنلا ئانام دادامنى بىر ياققا تارتىپ، نۇرنىسا ئىككىمىزنىڭ تويىنى قىلىۋېتىش ئويى بارلىقىنى، مىسجىتاخۇنكاملارنى ئەمدى

كەينىگە سوزماسلىقتا كۆندۈرۈشنى ئېيتتى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ جىددىيلىشىپ، ئىچىم تىتىلداپ جايىمدا تۇرالمايلا قالدىم:

ـ ياق دادا، مەن نۇرنىسانى ئالمايمەن. كىم ئالسا ئالسۇن، ئىشقىلىپ مەن ئالمايمەن...

ـ ھەي بەچچىغەر، ـ دەپ ۋارقىرىدى ئانام، ـ يەنە نېمە قىلماقچى ھە؟ ساڭا شۇنى دەپ قوياي، نۇرنىسانى ئالساڭمۇ ئالىسەن! ئالمىساڭمۇ ئالىسەن! خەق سېنىڭ خالىغانچە ئەخمەق قىلىدىغان ئويۇنچۇقۇڭما؟ سېنىڭمۇ سىڭلىڭ بار، شۇ ئېسىڭدە بولسۇن! سەن نۇرنىساغا قىلىپ قويساڭ سىڭلىڭغا ياندۇرۇپ بەرگىلىمۇ بىرسى چىقىدۇ. ئالەمنىڭ ئۆتنىسى بار، ھەممە ئىشنىڭ ھېساپ ـ كىتاۋى بار! ئەركىلىكىڭگە قويۇپ يامان ئۆگىنىپ قويغىنىنا يېرىم بارغۇ شۇ! توختاپ تۇر ھە، سېنىڭ دېگىنىڭچە بولامدىكەن يا مېنىڭ دېگىنىمچىمۇ؟!...

ئانام شۇنداق دەپ كارنىيى يىرتىلغۇدەك بىر ۋارقىرىغاندىن كېيىن چالۋاقاپ، تۈكرۈكلىرىنى چاچرىتىپ تۇرۇپ، دادامغا

مېنىڭ گۈلجامالنى كۆزلەپ ئابدۇللا خاتىپ ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە قاتراپ يۈرگەنلىرىمنى يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە تۆكۈپ بەردى. ئاخىرىدا كېلىپ بۈگۈن نۇرنىسا ئىككىمىزنىڭ ‹‹تۇغۇلمىغان بالا›› ئويۇننى پىلانلاپ چىقىپ، مېنى خاتىپ ئاخۇنۇم بىلەن ئايالى ئالدىدا رەسۋا قىلىغانلىقى، شۇ ئارقىلىق ئىككىنچى ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارالمىغۇدەك قىلىۋەتكەنلىكىنىمۇ زوق - شوخ بىلەن سۆزلەپ بېرىشنى ئۇنۇتمىدى.

شۇنداقمۇ ئادالەتسىزلىك بولامدۇ دەيمەن؟! دادام بولغان ئادەممۇ مەندىن نېمە ئەھۋال ئىكەنلىكىنى سوراپ قويمايلا ئانام بىلەن نۇرنىسانىڭكىنى توغرا، مېنىڭكىنى خاتاغا چىقاردى. ئۆزى ئانامغا كۆيۈپ قالغاندا ھازىرقىدەك ‹‹غورور، ۋىجدانى، ئەقەللىي ئەدەپ-ئەخلاق›› لىرى نەگە كەتكەن بولغىيدى؟ ئۇ بىرسىگە كۆيۈپ قالسا گەپ يوق، مەن كۆيۈپ قالسام يامانمىكەن؟ قانچە نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ساراڭلىق قىلىپ ھېرىپ قالغانلىرىمنىڭ پايدىسى بولمىدى.

دادامنىڭ نەزەرىدە ئىش ئۇقمايدىغان بەچچىغەر، كاللىسى ئىشلىمەيدىغان دەلتى، ۋىجدانىنى ئىت يەپ، يۈرىكى قۇرتلاپ كەتكەن ئەسكى ـ تۆسكىلا بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالدىم. قانداق قىلالايتتىم؟ دادا ئەمەسمۇ، گېپىگە كىرمىسەم قۇتۇلغىلى بولمىدىغاندەك ئەمەس. شۇنداق قىلىپ، دارقىتىرىپ سۆرىگەن پېتى ئاپىرىپ تويۇمنى قىلىۋەتتى. ئاۋۇ هازازۇل، بىشەم، ئاغزىنى ئاچسا ئادەم تىللايدىغان، قولىنى كۆتۈرسە ئۇرىدىغان، ئادەم چۈشىدە كۆرۈپ قېلىشتىنمۇ قورقىدىغان تۆلكىچىن نۇرنىسا مېنىڭ خوتۇنۇم بولۇپ قالدى. پىشانەمگە پۈتۈلگىنى مۇشۇنداق تەلەيسىزلىكمىتىكىن تاڭ، بوپتۇ دېمەي ئامالىم بولمىدى. دېمەي يەنە يۈشۈرالمايمەن، تېخى شۇ چاغلاردا نۇرنىسانى بىرەر ـ ئىككى ئاي خوتۇن قىلىپلا كۆتىگە تېپىپ هە يدەپ قويۇپ، ئانىدىن گۈلجامالنى نىكاهىمغا ئېلىشنىمۇ ئويلاپ ئۆلگۈردۈم. لېكىن بۇ ھەمدەم خىيالىم هازىرغىچە يىپ ـ يېڭى پېتى قېلىۋەردى.

بەكرىنىڭ چېقىپ قويۇشى بىلەن «پايلاقچى» لارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، گۇلجا ماللارنىڭ ئۆيىگە مىنىپ بارغان قوتۇر ۋەلىسپىتنى ئىشەك هارۋىسىغا ئارتىپ ياندۇرۇپ كەلدۇق. بۇ ئەلۋەتتە ئانامنىڭ بۇيرۇقى ئىدى.

- ئاۋۇ شەيتاننىڭ چاقىنى ئىككىنچىلەپ مىنىدىغان بولساڭ چاڭگىۋاش سىملىرىنى چۇۋۇپ بوينۇڭغا يۆگەپ قويىمەن! - دېگەن ئىدى ئانام شۇ چاغدا، - ھەممىنى قىلغان شۇ بەكرى دېگەن لىكتاسىما مەلىم. خىيالىدا ئازراق ئوقۇپلا يىگىنىنىڭ سۇنۇقچىلىكىنىڭ خىزمەتكە ئېرىشتىم دەپ كۆرەڭلەپ قاپتۇ. يىغىشتۇرۇپ يۈرسۇن ئۇ ئەبگا نېمىسىنى تولا باللارنى ئازدۇرۇپ يولدىن چىقارماي! ئاتام زامانىسىدا يوق تۆمۈر شەيتانلار چىققىلى تۇردى دېسە كىشىنىڭ چىشىنى قېرىشتۇرۇپ. ئۇنداق نېملەرگە كۆتىنى ئارتىۋالمىسىمۇ بىر ئوبدان ئىشەك هارۋىمىز بار. بەك بولماي قالسا خۇدايىم جۇپ يارىتىپ بەرگەن پاچىقىمىز بار. شۇنىڭدا يۆتكەپ

مېڭىۋېرىمىز. ئەمدى ئۇ گادايى مالىمىزنىڭ ئەبجەق يورغىلىغۇچىسىنى سورىغۇچى بولما! ئادەمنىڭ يۈزىنى تۆكۈپ!...

مانا مۇشۇنداق. بىر هازا لاي-لاي توۋلاپ دەككەمنى بەردى. ماقۇل دېمەكتىن باشقا چارەم يوق، ئېيپ بەرگەن خوتۇننى ئالماقتىن باشقا چارەممۇ يوق.

《نېمانچە تۇترۇقسىز نېمە سەن؟》 دەپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما، راست گەپنى دەيمەن، كۆلمەي تۇرۇپ ئاڭلاڭ!

كونىلارنىڭ 《نىكاهنىڭ مەرى ئىسسىق》 دېگىنى راست ئوخشايدۇ. نۇرنىسا بىلەن بىر ياستۇققا باش قويغاندىن كېيىن بۇرۇنقى ئۆچمەنلىكىم ۋە خاپىچىلىقىم بىراقلا ئۇنتۇلۇپ كەتتى. ئۇنتۇلۇپ كەتتىلا ئەمەس، تېخى ئىنتايىن ئىناق ئەر - خوتۇنلارغا ئايلاندۇق. بۇرۇن ئالمايمەن دەپ جىدەل قىلغانلىرىمنى ئويلىسام هازىر كۆلگۈم كېلىدۇ. نۇرنىسانىڭ ئۆزگىرىپ قالغانلىرىنى دېمەيسىز تېخى، بۇرۇنقى ئەركەك زەدەك مىجەزىدىن، بىشەملىكىدىن ئەسەرمۇ يوق. ئۆيگە

كىرىمەن، چىپىم تەييار. ئاياغنى سېلىپ تۆرگە چىقىمەن، تامىقىم تەييار. ئەسنىسەم ئورۇن سېلىپ تەييار قىلىدۇ، كۆزۈمنى ئاچسام بېشىمدا كىيىدىغىنىم، چۆگۈندە ئىسسىق سۇ. ئىشقىلىپ خان ـ سۇلتانلارنىڭ كېنىزەكلىرىمۇ ئۇنىڭچە رايىش، ئىشچان، كۆيۈمچان ئەمەستۇ. شۇنداق قىلىپ تۇرمۇشىمىز ناۋاتتەك ئۆتۈپ كەتتى. نۇرنىسادىن ھەممىمىز رازى ئىدۇق.

بىر كۈنى كېچىدە چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە جىلتا ئېسىپ، مەكتەپكە بېرىپ كېلىپ يۈرگەن بالىلىق چاغلىرىمنى كۆرۈپتىمەن. بىر توپ بالىلار بىلەن ئېتىز ئارىسىدىكى چىغىر يولدا كېتىۋاتاتتۇق. بالىلارنىڭ ھەممىسى چۇرقىرىشىپ، قوغلىشىپ ماڭاتتى. مەنمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ قاچقانلارنى قوغلاپ، تۇتىۋالغانلارنىڭ بويىنىغا گىرە، پۇتىغا چىماق سېلىپ يىقىتىش ئۈچۈن تىرىكىشەتتىم. تۇيۇقسىز كىچىك تەرىتىم قىستاپ كەتتى.

ـ مەن تەرەت قىلىۋالاي، سىلەر ماڭ غاچ تۇرۇڭلار، ـ دېدىم بالىلارغا. ئاندىن

بىلمىدىن سەللا ئېشىپ زاڭاقتا تاقا شىقۇدەك ئۆسكەن قوناقلىقتا كىرىپ ئۆرە تۇرۇپلا شارقىرىتىپ قويۇۋەتتىم...

- ھەي دەلتە، ئادەم بولمايدىغان تەخەي... نېمە قىلىق بۇ؟ تۇرە ھەي ساراڭ! توۋا قىلدىم، توۋا! مۇشۇمۇ چوپچوڭ بىر ئەر كىشىنىڭ قىلىدىغان ئىشىمۇ؟ تۇرە دېدىم ھەي ھاڭۋاقتى دەلدۈش...

نۇرنىسانىڭ تۇرتۇپ - تۇرتۇپ ئويغۇتىشى بىلەن ئۇيقۇلۇق كۆزۈمنى مىڭ تەستە يىرتىپ ئاچتىم.

- نېمە بولدى، نېمە؟ بورا ندا قالغاندەك ۋارقىرىماي سېلىق گەپ قىلمام...

- ھە، يامان بەك سىلىق گەپ قىلغۇدەك ئىش بولدى ھازىر. بىر بالدىغا دادا بولاي دەپ قالغاندىمۇ يوتقانغا سىيىپ ياتقان بارمۇ؟ ئىزا تارتساڭ بولمامدۇ پوق ساقال!؟ تېخى خوتۇننىڭ قوينىغا سىيىپ ھە؟ ۋاي نومۇسۇم، قانداق قىلاي! تۇرە ھەي لامزەللە، ما كۆرپىنى كۆل قىلىۋەتتىڭ

سىيىپ. پۇففۇ... ۋايىيەي... سىرىسقىلىقىنى دەيمۇ مانىڭ... ئانامەي توۋا! مېنىڭ يانپىشىمغىمۇ سىيىپسەن گاچا! ئۆلمەيدىغان ئەبگا...

بۇ ئىككىمىز توي قىلغان نەچچە ئايدىن بېرى نۇرنىسانىڭ ماڭا تۇنجى قېتىم قوپاللىق قىلىشى ۋە بىزەپ گەپلەر بىلەن تىللىشى ئىدى. ھەيرانلىقىمنى يۇشۇرالمىغان ھالدا ئۇپۇل - توپۇل ئورنۇمدىن تۇردۇم. نىپىز خەسە تامبىلىم ھۆل، كۆرپىنىڭ مەن ياتقان تەرىپى تامامى ھۆل، نۇرنىسانىڭ ئۇزۇن رۇباشكىسىمۇ ھۆل! نېمە نومۇس بۇ؟! مۇشۇ ئىشنى مەن قىلغاندىمەنمۇ؟

- بىزىرىپ قاراپ تۇرماي ئاۋۇ سۇيىدۈك لا تاڭنى تالاغا ئاچىقىپ يېيىۋەت گاچا! جۇدۇنۇمنى ئۆرلىتىپ پاڭقايدەك تۇرۇشىنى كۆرەيمۇ...

لام - جىم دېيەلمىدىم. يۈزلىرىم نومۇستىن ئوت بولۇپ كۆيدى. گەپ قىلماستىن ھۆل كۆرپىنىڭ بىر بۇرجىكىدىن تۇتۇپ، شاخ سۆرىگەندەك سۆرەپ تالاغا ماڭدىم.

ــ تۈزۈك كۆتۈرمەمسەن دەلتى! سىيدىغاننى قاملا شتۇرۇپ سىيسەن ھە بولمىسا! ساقال سىقىمدىن ئاشقاندىمۇ قىلىپ يۈرگەن قېلىقىنى...

مەن كۆرپىنى ھويلىمىدىكى كىر يايىمىدىغان ئارغامچىغا يېيىۋېتىپ كىرگەندە نۇرنىسا رۇباشكىسىنى ئالماشتۇرۇپ بولغان بولۇپ، كۆرپە ئورنىغا دادام كۆزدە تىكتۈرۈپ بەرگەن تېرە جۇۋامنى سېلىپ تەييار قىلغان ئىدى. ئۇ زامانلاردا يېڭىدىن بىر ئۆيگە كىرگەن ئەر ـ خوتۇندىلىك بىر تالدىن يوتقان كۆرپە، تەكىيە، بىر تال سۈپۈرگە، بىر تال چىلەك ـ چۆگۈندىن باشقا بىساتىمۇ بولمايتتى. ئۇنىڭدىن ئۈزۈنىسىغا پۇل نەدە دەيسىز؟ زاماننىڭ بارىمۇ شۇنچىلىك تۇرسا، قۇرساق ئارامخۇدا تويسا، دادۇيجاڭ ـ سېكرېتارلار نام ـ ئاتىقىنىڭ تايىنى يوق سېلىقلارنى ئازراق سالسا شۇنىڭ ئۆزى چوڭ ئىش ئىدى.

ـ ياتە كۆل پاقىسى، ئۇخلا ئەمدى ئىچىڭنى بوشۇتۇۋالغاندىكىن. ئەتە ئەتىگەن يەنە ئېتىزغا چىقىسەن...

نۇرنىسانىڭ زەھەردەك گەپلىرى مېڭەمگە ئۇرغاندەك تەگدى. بىر تۇرۇپ ئۇيقۇچىلىقتا قىلىپ سالغان ئىشىمنى ئويلىسام كۈلكە قىستايتتى. ئەمما كۈلۈپلا سالدىممۇ، بولدى بۇنىڭ خۇدايىم بەرگەن زۇۋانى يەنە ھەرىكەتكە كېلىدۇ.

- ۋاي - ۋۇي، نېمە ئىش بۇ؟ كېچىدىنغۇ يامغۇر ياغقاندەك قىلمىغان ئۆگزىدىن ئۆتۈپ كېتىپ كۆرپىنى ھۆل قىلىۋەتتىمكى دەي دېسەم، - دېدى ئەتىگىنى قويلارغا يەم بېرىۋاتسام، باغقا ئوتۇنغا ماڭغان ئانام يېپىغلىق تۇرغان ھۆل كۆرپىنى كۆرۈپ، - سىلەرنىڭ كۆرپىڭغۇ ھە بالام بۇ؟

- چوڭ شاخ سۇپۇركىنى سۆرىۋېلىپ شارتىلدىتىپ ھويلا سۇپۇرىۋاتقان نۇرنىسا شاققىدە توختىدى، ئاندىن ماڭا يالتىدە قارىۋېتىپ جاۋاپ بەردى:

- سۇغۇقۇم ئېشىپ قالدىمىكى ئانىكا، يا مۇشۇ ئىككىقات ۋاقتىدا شۇنداق بولۇپ قالامدىكى ئادەم، كېچىدىن ئورۇنغا سىيىپ ساپتىمەن... سەت بولدى، خاپا بولمىسىلا

جېنىم ئــانىكــا. ئەمــدى دىققەت قىلاي. ياســـىناخۇنمۇ خېلى كايىمدى... ئەمدى چوقۇم دىققەت قىلىمەن...

ۋاي ئۆلەي! نېمە دەيدۇ ماۋۇ جىن تەپكەن ســاراڭ؟! ئورۇنغا ســيگىنى مەن تۇرســام، گۇناھنى ئۆزى ئۇستىگە ئېلىۋاتىدۇيا؟!

-ھە، ھېچقەقەسى يوق خېنىم بالام، ئىككى قات ۋاقتىدا تەرەت تۇتالمايدىغان ئىشـــلار بولۇپ قــالــدۇ. ھېلى قۇيرۇق مــايــدا تېقىمىڭىزنى مايلىۋېلىپ بىردەم ئىســـــق ئولتۇرۇڭ. ئوڭشـــلىپ قــالىســـز. مەن دادىڭىزغا دەپ قوياي، يەكشـــەنبە كۈنى بازاردىن ناۋات ئالغاچ كەلســۇن، قارا چاي بىلەن دەملەپ ئىچىپ بەرسىڭىز سوغۇقلۇقنى ئالىدۇ.

توغرا! دادام توغرا دەپتىكەن! ‹‹ئەرنى ئەر قىلغــانمۇ خوتۇن، يەر قىلغــانمۇ خوتۇن›› دېگەن ئەمە سىمدى؟ مانا نۇرنىسا شۇنداق قىلدى. ئانامنىڭ ئالدىدا ‹‹يا سىن سيىپ قــويــدى›› دەپــلا قــويــغــان بــولســـــا ســـېىســـماســـمىدىم؟ يەنە كېلىپ ئۇنىڭ

گەپلىرىنى ئۆيدىن داس كۆتۈرۈپ چىققان سىڭلىم بىلەن توخۇلارغا دان چېچىۋاتقان ئىنىمۇ ئېنىق ئاڭلىدى ھەم پىخىلداپ كۈلۈشۈپ كەتتى. شۇلارنىڭ ئالدىدىمۇ قانچە سەت تۇرار بولغىيدى ھە؟! بارىكاللا جېنىم خوتۇنۇم! قۇرغۇيۇم ـ دە سەن مەلىكەم!

قوىلارغا يەم بېرىپ بولۇپ، ھوجرا ئۆيىمىزگە كىرىشىمگە ھويلىنى سۈپۈرۈپ بولغان نۇرنىسامۇ ئۇستىبېشىدىكى توپا ـ توزاننى قېقىشتۇرغىنىچە ئارقىمدىن كىردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مېھرىم بىلەن ئۇزاق تىكىلدىم. ئۇ ما ڭا بۇرۇنقىدىنمۇ بەك چىرايلىقلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ ماڭا قاراپ يېقىملىق كۈلۈمسىرىشىدىن ھۇجۇدۇمغا ئىللىققىنە بىر سېزىم تارقالدى.

ـ ئىككى قات ۋاقتىڭدا سوغۇقۇڭ ئېشىپ قالارمىش دادىسى، ھېلى قويرۇق مايدا مايلىنىپ ئىسسىق يۆگىنىپ ياتىدىكەنسەن، دادىكام ناۋات ئەكېلىپ بەرسە شۇنى سېلىپ ناۋات چاي دەملەپ بېرەي ھە، پايدا قىلارمىش ھى ھى ھى ھى...

ئۇنىڭ زاڭلىق قىلىشلىرىمۇ قۇلۇقۇمغا شۇنچىلىك يېقىملىق ئاڭلىنىپ كەتتى. ئىختىيارسىز ئۇنى ئۆزۈمگە تارتىپ، باغرىمغا بېسىپ چىڭگىدە قۇچاقلىدىم...

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتتى. نۇرنىسانىڭ قورسىقى سامان تىققان تاغاردەك يوغىناپ، نەسىللىك كالىغا ئوخشاپ قالغان ئىدى. يول ماڭىدىغان بولسا ئىككى يېنىغا ئىرغاڭسىپ، نەپسى تىزلىشىپ كېتەتتى. بىرسى يۆلەپ قويمىسا ئولتۇرغان يېرىدىن تۇرمىقى تەس ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ ئىچىم ئاغرىسا، دادا بولۇش خۇشاللىقى مېنى ئالامچە شادلىققا چۆمدۈرەتتى.

دادام ئاناملار ئۆيىمىڭ سودىلىقى ئۈچۈن يەكشەنبە بازارغا كەتكەن بىر كۈنى ئىدى. ئىنى سىڭىللىرىمۇ قەغىشلىك قىلىپ تۇرۇۋېلىپ بىللە كەتكەن بولۇپ، نۇرنىسانىڭ ۋاقتى ـ قارايى يېقىنلاپ قالغان بولغاچقا يالغۇز قويۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىماي مەن ئۆيدە ئۇنىڭ بىلەن قالغان ئىدىم. قوزا چۈش مەزگىلى بولغاندا ‹‹سارىخان›› غا

غىڭشىغاچ ھويلىدا ئۆتۈك مىخلاپ ئولتۇرسام ھوجرا ئۆيدىن نۇرنىسانىڭ ئەنسىز ۋارقىرىشى ئاڭلاندى. مەن بەك سىنەكمەي ئۆز ئىشىمنى قىلىۋەردىم. بىر چاغدا ئۇنىڭ:

ـ ۋاي تۇغىدىغان ئوخشايمەن... ياسىن... ئا...ـ دەپ ۋارقىرىغىنى ئاڭلاندى. شۇ ھامان چاچراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ھوجرىغا يۈگۈردۈم. كىرسەم ئۇ يەردە يېڭى ئۆملىگەن بالىدەك يەرگە كاسىلىرىنى چاپلاپ، پۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ئولتۇراتتى.

ـ ۋاي... ۋاي قانداق قىلارمەن؟... ئانام... خۇدايىمەي...

ـ چىدا خوتۇن، چىدا! ئانام يوق، ھازىر تۇغساڭ بولمايدۇ...

ـ ۋاي ئىشىڭنى قىلە گاچا... قۇرساقتىكى تۇغۇلاي دەپ قالغان بالا ‹‹موماڭ يوق›› دېگەنگە ئۇنامتى؟ ئاغرىقتىن ئۆلەي دەۋاتسام خىيالىدا يوق گەپ قىلىدۇغۇ بۇ... ۋايجان...

ـ ئەمسە قانداق قىلىمەن؟ ـ مەن ئۆزۈمنىڭ سەمرىپ تولۇپ كەتكەن بىلەكلىرىدىن تارتىپ يۆلىدىم، ـ تۇرە ئورنۇڭدىن، خوشنىلارنىڭ ئۆيىگە چىقىپ باقايلى...

ـ ۋاي قوماقباش ئەبگا... مۇشۇ چاغدا خوشنىلارنىڭ ئۆيىدە پوق بار سانگا! ۋايجان... ئاۋۇ... ئاۋۇ سۇپىغا ئورۇن سېلىپ...

بۇگۈنكىدەك بازار كۈنىدە ماۋۇ قېيىنئانام بولغان خوتۇن باغلاپ قويسىمۇ ئۆيىدە ئولتۇرمايدۇ. «ئىسمىنى بىلگىنىمدىن باشلاپ» دېسەم ئوشۇق كېتەر بەلكىم، ئەمما لاپ گەپ ئەمەس، مەن نۇرنىساغا كۆز سېلىپ يۈرگەندىن باشلاپ هازىرغىچە بىرەر قېتىم بازاردىن قالغىنىنى بىلمەيمەن. قارىغاندا بۈگۈن ئۆزىنىڭ ئۆيىدە يوقلىقىمۇ ئۆزىنى كۆرسىتىدىغاندەك تۇراتتى. مەن ھۆدۈقۈپ، تەمترەپ يۈرۈپ نۇرنىسانىڭ دېگىنى بويىچە سۇپىغا كۆرپە سېلىپ سامان تەكيەنى باش تەرىپىگە قويدۇم.

ـ ۋاي... مېنى يۆلە... تېز بول... كۆرپىگە...

نۇرنىســـــانى مىك بالالىقتا يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدۇم. ئەربىرايى خۇدا، پۈتۈن ئۆمرۈمدە بۇنىڭدىن ئېغىر بىر نەرســــنى كۆتۈرۈپ، ھەتتا مەيدىلىتىپ باققىنىمنى بىلمەيمەن. يېڭى توي قىلغان چاغلاردا ئەركىلىتىپ ئانچە ـ مۇنچە كۆتۈرۈپ قويىاتتىم، ئۇ چاغلاردا يوغىنى كەلســــە بىرەر چىچقاق پاقالانچىلىك كېلەر بولغىيــدى. لېكىن ھــازىر يۆلەپ ئورنىــدىن تۇرغۇزغىچە تــاس قــالــدى قۇۋۇرغىلىرىم ســۇنۇپ قىڭغىر بولۇپ قالغىلى. بارى يوقى بىر بالىغا قۇرساق كۆتۈردۇم دەپ شــــۇنچىمۇ بەھەيۋەت بولۇپ كېتەمدىغان ئايال كىشــــى دېگەن؟! مىك ئۆلۈپ، مىك بىر تىرىلىپ ئاخىرى ئۇنى كۆرپىگە ئەكېلىپ ياتقۇزدۇم.

ـ ئۇســـــتۇمگە يوتقــاننى يېپىـــپ قوي... ۋايجان... تامبالنى چۈشــــۈرۈۋەتمىســــــەم بولمايدۇ... تېز بول...

ـ نېمە؟ كۆپ ـ كۆندۈزدە؟...

ـ ۋاي ئىشىڭنى قىلە ئۆلمەيدىغان ساراڭ... يوتقاننى يېپىپ قويۇپ نەگە يوقالساڭ يوقىلە ماڭ... قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان ساراڭقېتىش گاچا... ۋايجان... ئانام بولغان بولسا ھۇ ھۇ ھۇ...ۋاي ئىسست... ئۆلىدىغان بولدۇم...

نۇرنىسانىڭ ۋايجانلاشلىرىغا چىدىماي نېمە دېسە شۇنى قىلىپ، ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇشقا باشلىدىم. تۇغۇپ باقمىغان ئادەم تۇغدۇرۇشنى نېمە بىلسۇن؟ توختا، يان خوشنىمىز مەڭنىساخاچامنى چاقىرىپ كىرەي! كاللامغا كەلگەن بۇ ئەقىلدىن كۆز ئالدىم پاللىدە يورۇدى.

ـ چىدا خوتۇن، مەن چىقىپ مەڭنىساخاچامنى تووۋلاپ كىرەي...

شۇنداق دەپلا چاققانلىق بىلەن تالاغا ماڭدىم. قۇلاق تۈۋىمدە نۇرنىسانىڭ:

ـ ۋاي ياق... جىق ئادەم بىلسە تۇغۇت قىينىلىشىپ كېتىدۇ دېگەن ئاندىكام... چاقىرما... ۋاييەي...ـ دېگەن گەپلىرى

جاراڭلاپ قالدى. گەپنىڭ ئۇچى ئۆزۈلگەندە مەن ئاللىقاچان چوڭ يولغا چىقىپ بولغان ئىدىم.

مەڭنىساخاچام بىزنىڭ ئۆيگە كىرگەن ھامانلا ئالدىنقى سەپكە ئاتلانغان ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىسىدەك يەڭلىرىنى شىمايلاپ ئىشقا چۈشۈپ كەتتى. مېنى بولسا ئىشىك تۈۋىدە قاراۋۇللۇقتا تۇرغۇزۇپ قويدى. بىر نەرسىلەر لازىم بولسا يۈگرۈپ يۈرۈپ تەل قىلىپ بېرەتتىم، جىددىيلەشكىنىمدىن پۇت - قولۇم كالۋالىشىپ، چېكەمدىن پۇرۇلداپ تەر قويۇلاتتى. چۈنكى نۇرنىسا ئۆي ئىچىدە تۇرۇپ جان - جەھلى بىلەن ۋارقىراپ نالە قىلاتتى، يىغلايتتى. مەڭنىساخاچام ئۇنىڭغا بىر نېمىلەرنى دەپ بۇيرۇق قىلىپ، تەسەللىي بېرەتتى.

تۇغۇت جېڭى ساق يېرىم كۈن داۋاملاشتى. ھېلى تۇغار، ئەنە تۇغار بىلەن ئىشىك تۈۋىدە چۆرگىلەۋېرىپ ئۆرە تۇرغىدەك ھالىمۇ قالماپتۇ. مەنغۇ ئىشىك بېقىپ ھالىم قالماپتۇ، ماۋۇ بىچارە خوتۇنۇم قاق چۈشتىن

باشلاپ ۋارقىراپ، چىرقىراپ تولغاق يېگىلى تۇرغان ئىدى، مانا ھازىرغىچە ئۆينىڭ ئىچى «قىيا ـ چىيا» چىلىق، بالىدىن ھېچ خەۋەر يوق. ۋارقىرىغان ئاۋاز بىردە بېقىلىپ قالىدۇ، ئەمدى جىمىپ قالدى دەپ تامغا يۆلىنىپ مۈگدەپ قالىمەن، يەنە بىر ئاۋازى بىلەن بىرلا چىرقىرايدۇ، بىرى بېقىنىمغا بىگىز تىقىقاندەك چۆچۈپ ئويغىنىمەن. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ كۈنىمۇ كەچكە قاراپ يېقىنلىدى.

نامازشامغا ئەزان چىقاي دېگەن مەھەلدە بىزنىڭ جانابىي بازارچىلار قايتىپ كەلدى. ئۇلار ئىشەك ھارۋىسىنى جالداقشىتىپ بوسۇغىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشىغا ئۆي ئىچىدىن نۇرنىسانىڭ جان ـ جەھلى بىلەن قاتتىق چىرقىرىغىنى ئاڭلىنىپ، ئارقىدىن بوۋاق بالىنىڭ ئىڭگەلەپ يىغلىغان ئاۋازى كەلدى. دادام ئىشەكنىڭ ئارغامچىسىنى تاشلىۋېتىپلا قولىقىنى تۇتقان ھالدا تەكبىر ئېيتتى:

ـ ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر!...

ــ ۋاي خۇدايىم! نېمە پوق يەپ بازارغا كىرەر بولغىيدىم بۇگۈن. جېنىم بالام...

ھارۋىدىن كىچىك بالىدەك تاقلاپلا چۈشكەن ئانامۇ ئۇدۇل نۇرنىسا ياتقان ئۆيگە يۈگۈردى. دادام ئىككىمىز جىمدىيلىشىپ جايىمىزدا تۇرالمايلا قالغان ئىدۇق. سىڭلىم پەزىلىيە بولسا ئۈن قويۇپ يىغلاۋاتاتتى.

بىر ھازادىن كېيىن ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ئانام پەيدا بولدى:

ــ مۇبارەك بولسۇن غوجام بالام! بالا ئوغۇلكەن، ئۆمرىنى ئۇزۇن، بەختى ـ دۆلىتىنى زىيادە قىلسۇن خۇدايىم...

ئانام شۇنداق دەپ باغرىنى كەڭرى يېيىپ مېنى قۇچاقلىدى ۋە پىشانەمگە سۆيدى. دادامۇ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا بەستلىك غولىنى كەڭرى يېيىپ مېنى چىڭ قۇچاقلىدى:

ــ مۇبارەك بولسۇن بالام! خۇدايىم ئىمان ـ ئىنساپ بىلەن چوڭ بولغىلى نىسىپ قىلسۇن!

بالىمىز تۇغۇلدى، مەن ئاخىرى دادا بولدۇم. نۇرنىسانىڭ خۇشاللىقىغا گەپ توغرا كەلمەيتتى. بالىمىزنى قۇچىقىغا ئالغان نۇرنىسانىڭ تۇغۇت جەريانىدا قىينالغانلىرى، جاپا ـ مۇشەققەتلىرىدىن ئەسەر يوق ھالدا چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ كەتكەن ئىدى. دادامنىڭ تاللىشى بىلەن بالىغا ئابدۇسەمەت دەپ ئىسىم قويدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن ئائىلىمىز خۇشاللىق جەمگاھىغا ئايلاندى.

بالىمىز بۇدرۇق، ساغلام چوڭ بولدى. ئۇ يېشىغا تەگمەي تۇرۇپ نۇرنىسا يەنە ئېغىر ئاياق بولدى. بۇمۇ خۇدانىڭ بەرگىنى دېدۇق. شۇنداق قىلىپ تولغاق كەلسە ئايىماي ۋاقىرايدىغان بىچارە خوتۇنۇم بوش كەلمەي، بەش يىلدا جەمئىي بەشنى تۇغۇپ توختىدى. ئۇنىڭ بۇنچىۋالا تۇغۇمچانلىقىدا ئەسلى توختىغۇسىمۇ يوق ئىدى، لېكىن شۇ يىللىرى ھازىرقى «پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى» چۈرگىلىپ بىزنىڭ يۇرتلارغىمۇ كېلىپ قالدى. 1987 ـ يىللىرىغۇ دەيمەن شۇ ئىشلار؟ بىزنىڭ مەھەللە ئاۋاتلىشىپ

شەھەرلەشتى ھەم قايناپ تاشقىنلىقا تولدى. شۇ قاتاردا مەھەللىمىزگە شەھەرلىك ھۆكۈمەت دەمدۇ، ئوتتۇرا مەكتەپ دەمدۇ، دوختۇرخانا دەمدۇ، چارۋا ـ مال پونكىتى دەمدۇ، ئەيتاۋۇر ئىسمى قويغۇلى بولىدىغانلىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسى چۈشۈپ، بۇ يەرنى خېلىلا ئاۋاتلاشتۇرۇپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن تەڭ كۆنگە نەچچە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان سىياسەتمۇ قېلىق چىقىرىپ، «پىلانلىق تۇغۇت» دەيدىغان بىر يېڭىلىقنى كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇ دېگىنى «ئاز تۇغۇپ، ساز تۇغۇش» دېگىنى ئىكەن. بۇنى چۈشىنىش بىزدەك زاغرا كىكىرىپ چوڭ بولغان تېگى ئۆزىدىن سەھرالىق، يېڭىدىن شەھەرلەشكەن تومپايلارغا تەس كەلگىنى بىلەن، ھەزرىتى كادىر دانالىرىمىز بىزنى ھەدېسە كەنتە كومىتېتىغا يىغىۋېلىپ، سىيگەن ـ چىچقاندىن باشقا بارلىق ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىپ، شۇنچىۋالا گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى بىزگە ئېزىپ ـ ئىچۈرۈپ چۈشەندۈردى. بىزمۇ

ئۆلارنىڭ ئەجرىگە يارىشــــا دانالىرىمىزنىڭ تەلىماتى خوشياقمىسا كۆسۆلدىشىپ غەيۋەت قىلىشـــ قاچ، بەزىدە قىڭغىيىپ ئولتۇرۇپ خورەك نەغمىسى قىلغاچ، ھەر ھالدا يېرىم ـ يارتا بولســمۇ چۈشــىنىۋالدۇق. ئىشــقىلىپ شــۇنداقراق بولدى. ھۆكۈمەت ‹‹ئەمدى تۇغمـا!›› دەپ بۇيرۇق قىلغانــدىن كېيىن بىزنىڭ خوتۇنىمۇ ئامالســز توختاپ قالدى. ئەلۋەتتە، ھۆكۈمەتنىڭ كۆرســەتمىســى ھەم ئورۇنلاشــتۇرۇشــى بىلەن توختايدىغاننىڭ ئامالىنى قىلىپ توختىدى. لېكىن بۇ ئىشــتا ئۇنىڭغا، ياق، ئۇنىڭغا ئوخشـــاش قاراپ قويىــمۇ بويىدا قېلىپ، چولىســى تەگســلا تۇغقاچ تۇرىدىغان خوتۇنلارغا ئۇۋال بولدى.

ـ نېمىشـــقــا ئەرلەرنى چەكلىمەيــدۇ تۇغۇتتىن؟ ، ـ دەيتتى ئۇ ئۇۋالچىلىق ھېس قىلىپ، ـ نەدىمۇ بۇنداق ئادالەتســــزلىك بار؟ قورســـاق كۆتۈرۈش بىزدىن، تۇغۇش بىزدىن، ئېمىتىپ بېقىش بىزدىن، جاپانىڭ تولىراقىنى تارتىش بىزدىن، ئەمدى كېلىپ

تۇغۇت چەكلەيدىغان ئىش بولسىمۇ بىزنى چەكلىمىدىكەن؟

ـ ياخشى دېدىڭ خوتۇن. بولسا مۇشۇ گەپلىرىڭنى بىر-بىر ھۆكۈمەتكە بىر دېگىنە، بولىدىغانلا يېرى بولسا جاپالىرىڭنىڭ تەڭ يېرىمىنى مەن كۆتۈرۈشۈپ بېرەي. ھۆكۈمەت ئىنىسابىغا كېلىپ بۇ گېپىڭگە ئۇناپلا قالسا، سېنى ئازات قىلىۋېتىپ مېنىڭكىدىن چەكلىسۇن تۇغۇت دېگەن تولغاقچىلىقنى...

ـ ۋاي نېرى بېرىڭە! بۇرنا كۆنى سۆيدۆك لاتىسىنى سۇنۇۋېتىڭ دېسەم «مېنى ئىشقا بۇيرۇدۇڭ» دەپ تاس قالدىڭىز ئاچچىقتا كۆكۈرۈپ قالغىلى. جاپايىمنى كۆتۈرۈشۈپ بېرەمىش تېخى! خۇددى بەش بالىنى ئۆزەم يالغۇز تاپقاندەك، ماڭىلا تاشلاپ قويغان. ھېلىمۇ ياخشى، خويمۇ ئوبدان كەلدى بۇ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى. بولمىسا يەنە بەش ـ ئالتىنى تۇغقان بولسام يالغۇز قانداق بېقىپ بولار بولغىيدىم؟...

ـ دېمەك، پىلانلىق تۇغۇتنى ياقتۇرۇپ قاپسەنغۇ مانا! ئۇنداق بولغاندىكىن «مېنى چەكلىدى» دېمەي، خوش بول خوتۇن!

ـ قىپقىزىل ساراڭ بوپسىز سىز. مېنىڭ دېگىنىم... ۋاي بولدىلا، سىز بىلەن گەپ تالاشقىچە بېرىپ ئىشىمنى قىلاي...

مەيلى نېمىلا دېگەن بىلەن بۇ ئىش نۇرنىسانىڭ كاللىسىدىن ئۆتمىدى. ئەمما ئۆتمىسىمۇ ئامال يوق، ئىشلار شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى.

چوڭ بالىمىز ئابدۇسەمەت بەش ياشقا كىرىپ، كىچىك قىزىمىز ئاتىكەم تۇغۇلغان يىلى ئىككىنچى بالىمىزنى گۇڭشىنىڭ تراكتورى بېسىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتتى. بالىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا نۇرنىسا بۇرۇنقىدىن شۈكلەپ، جىمغۇر، كەم سۆز، بالىلارغا زىيادە كۆيۈنىدىغان ئەتىدىن ـ كەچكىچە تىنىم تاپماي ئىشلەيدىغان بولۇپ كەتتى. بالىلار بىر ـ بىرىدىن ئوماق، ئەقىللىق، زېرەك چوڭ بولۇۋاتاتتى. ئۇلارنى مەكتەپلەرگە بەردۇق. ئامال بار ياخشى تەربىيەلەپ، بىز

ئوقۇيالمىغان مەكتەپلەردە ئوقۇپ، كەلگۈسىدە كاتتا ئادەملەردىن بولۇشىنى ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتۇق. بۇ يىللاردا تۇرمۇش سەۋىيىتى ۋە ئىقتىسادىمىز ياخشىلىنىپ، ئەسلىدىكى لاي تام ئۆيلىرىمىزنى چېقىپ، ئورنىغا كىسەكتىن قوپۇرۇپ ئۆي سېلىۋالدۇق. ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ھەم بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ھويلا ئىچىگە تۇرۇبا ئەكىرىپ، ئەپكەش كۆتۈرۈپ ئېرىق بويى ياكى كۆلگە چىقماي تۇرۇپلا سۇ ئىچەلەيدىغان بولدۇق. ئىشقىلىپ تۇرمۇشىمىز كىچىك ۋاقتىمىزدىكىگە قارىغاندا كۆپ ياخشى ئىدى.

ئابدۇسەمەت مەن ۋە دادامنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ھالدا يەلتاپاندەك بىر دەم جىم تۇرالمايدىغان، شوخلۇقىدا كەلگەندە مايمۇننى بىسىپ چۈشىدىغان، ئاغزىدىن گەپ، قولىدىن پالاكەتچىلىك تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان چاپتىكەش بالا بولۇپ چىقتى. بۇ يەرلەرگە يېڭىدا توك تارتىشقا باشلىغاندا

توك سوقۇۋېتىپ تۆگەپ كەتكەن رەھمەتلىك قېيناتام مىجىتاخۇن سىكرىتارنىڭ چىراي ـ تۇرقى، بوي ـ بەستىنى كىيىپلا چۈشكەن بۇ بالام بەكلا كەپسىز ھەم كالىلىسى ئۆتكۈر، ئەقىللىق ئىدى.

ئىككىنچىسى كىچىكلا تۆگەپ كەتتى، ئۈچىنچىسى قىز، ئىسمى ئاسىيەم، ئانىسىنىڭ مەن كۆيگەن چاغلىرىدىغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ، لېكىن ئانىسىدەك بىشەم، ھازازۇل ئەمەس. ئۇن ئېغىز گەپ سورىسا بىر ئېغىز مۆرىمەيدىغان، ئاسمان كۆمتۈرۈلۈپ چۈشكىلىۋاتسا ئاستىدا يېتىپ مانتا يەيدىغان بىغەم بولۇپ چىقتى. ئانىسىنىڭ شۇ ۋاقتلىرىدىكىگە ئوخشاش ياسىنىپ تارىنىش، باشقىلار بىلەن ئۇرۇشۇش، تاكاللىشىش دېگەن گەپلەر بۇنىڭدا يوق. «ئېغىر بېسىقنىڭ گېپى سېسىق» دېگەندەك، گەپ قىلماي، قىلماي شۇنداق بىر سۆزلەيدۇ، ھۇشىڭىزدىن كەتمەي قالسىڭىز ھەيران قالسىڭىز بولىدۇ. ئۈچىنچىسى ئابلىز. ئۇمۇ بوي ـ بەستى، چىراي ـ تۇرقىدا ئاكىسىغا

ئۇخشاش قېپىناتام مجتاخۇن سىكرىتارنىڭ مۇرتى بولۇپ چىقتى. ئەقلىنى بىلگىنىمدىن باشلاپ تىراكتۇر، ۋېلىسىپىت، سىيالكا دېگەندەك نەرسىلەرنى چۇۋۇپ كۆرۈپ، قايتا قۇراشتۇرۇپ بېقىشلارغا ھەۋەس قىلىپ قالغان بۇ بالام، ھويلىنىڭ بىر تەرىپىگە كېرەكسىز تۆمۈرلەردىن بىر دۆۋە يىغىۋېلىپ، ئۆز ئالدىغا «ئىسكىلات» قۇرىۋالدى. قىلما دېسە ئۇنىمايدۇ، بىر با شلاپ كەتسە قۇر سىقىنىڭ ئاچقىنى، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكىنىنى بىلمەيدۇ. مەكتەپكە بارغاندىن باشقا ۋاقتى ئاساسەن ئاشۇ تۆمۈر - تەستەكلىرى ئارىسىدا ئۆتىدۇ. بىر تۇرۇپ ئېلىشىپ قالامدىكى دەپ ئويلاپ قالىمەن. شۇنداق چاغلاردا ئانىسى نۇرنىسا كايىيدۇ.

- ۋاي بىر بولدى قىلىڭلار. مەيلى ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭغا ھەۋەس باغلاپتۇ، قىلىپ باقسۇن، قارىسام يامان ئەمەس بىر ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدۇ. تۆنۈگۈن قوناقلارنى سوقۇۋېتەيلى دەپ تاغارلارغا قاچىلاۋاتسام قويماي «توختا ئانا، ئىككى كۈن توختاپ بەر، مەن قوناقنى

ئۆزەم يالغۇز سوقۇۋېتىمەن›› دېدى. شۇنىڭغا قارىغاندا ئەپلەشتۈرۈپ بىر ئىش قىلىدۇ ئۆزى. بىنىزىن كۆيدۈرۈپ ماتور ھەرىكەتلەندۈرۈپ بۇغداي ئورۇيدىغان ئىشىنىمۇ شۇ بالا تاپتىغۇ؟! شۇ نەرسىنى ياسىيالىغىنىدىن ھەم بۇ قېتىم قوناقنى ئۆزەم سوقۇۋېتىمەن دېگىنىدىن قارىغاندا يەنە بىر ئىش قىلماقچى بەلكىم، كاللىسى بەكار ئىشلىمەيدۇ بالىنىڭ، قويۇپ بېرىڭلار قىلىپ باقسۇن!

ماقۇل دېمەي گەپ توشاتقىلى بولمىدى. مەيلى دەپ رايىغا قويدۇق. ئۇ كۆن ئۆتۈپ ئەتىسى ئېتىزدىن كىرسەك ھويلىدا تىراكتور ماتورىنى تاتاتىلىتىپ بىر ئىشلارنى قىلغىلى تۇرۇپتۇ. يېقىن بېرىپ قارىسام تۈگمەننىڭ قوناق تۆكىدىغان كانىيىدەك بىر نەرسىنىڭ ئىچىگە بەش باش - ئالتە باشتىن قوناق تاشلىغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ تەرەپتىكى داق يەرگە قارىتىپ قويۇلغان تۇرخۇنىدىن سوقۇپ مەدىكىدىن ئايرىلغان قوناقلار، ئۇنىڭ نېرىسىغىراق قوناقتىن ئايرىلىپ يالىڭاچلانغان

قوناق مەدىكى شىرىلداپ تۆكۈلگىلى تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم.

- ۋوي. ۋوي. نېمىش بۇ؟! بىزنىڭ ئىنژىنىر يەنە كارغا كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟

- ھەئە دادا، - دېدى ئۇ پەخىرلىنىپ كۈلۈپ تۇرۇپ، - نەچچە كۈن ھەپىلىشىپ تەتقىق قىلىپ ماۋۇ قوناق سوققۇچنى ياساپ چىقتىم. ھەر ھالدا بولۇپ قالدى. مۇشۇنى ياسايمەن دەپ ماموتاخۇنكام تۈگمەنچىگە يالۋۇرۇپ يۈرۈپ، تۈگمەننىڭ بۇغداي - قوناقنى يۇمشىتىپ ئۇن چىقىرىش ھالىتىنى نەچچە كۈن كۈزەتتىم دېگىنە دادا. بۇنىڭدا بىرلا ئادەم مەشغۇلات قىلىپمۇ ئۈچ - تۆت ئادەمنىڭ ئىككى كۈنلۈك ئىشىنى يېرىم كۈندە تۈگەتكىلى بولىدۇ. ھەم ۋاقىت تېجەيدۇ، ھەم پاكىز، ھەم قولايلىق. شۇ بىنزىننى جېقراق يەپ قويىدۇ ئەمدى.

- ھە بوپتۇ بالام، كالا جېنىدا بوغۇر بەرمىسە ئىشلىمەيدۇ، بۇ تۆمۈر كالىنى بىكارغا ئىشلەتسەك بولماس. لېكىن بالام،

بۇ يامان چوڭ يەرنى ئىگەللەيدىكەن، ئەمدى مۇشۇنداق كېلەڭسىز بولماقچىمۇ بۇ؟ ئاۋازى تېخى ئۆزىدىن يوغان تۇرىدۇ بۇ ئاداشنىڭ.

ــ شۇ...، ــ دېدى ئابلىز بالام بېشىنى قاشلاپ، ــ ئانام قوناقلارنى سوقۇۋېتەيلى دەپ ئالدىراپ قېلىپ، دەسلەپ ياساپ باققىنىمنى ئىشلىتىپ تۇردۇم. ماۋۇ ئىشنى تۈگۈتىۋېتىپ ئاندىن يەنە بىر ھەپىلىشىپ باقاي. ئىمكان بولسا يىغىنچاق، تېخىمۇ پۇختا، نوقساندىن خالىي قىلىپ ياساشقا تىرىشىمەن. قارا دادا، بۇنىڭغا سەللا قۇرىماي قالغان قوناقلارنى سېلىپ قالسا يا سوقالماي چىشلىق چاق ئارىسىدا كەپلەشتۈرۈپ قويىدىكەن، يا بولمىسا قوناق بىلەن مەدەكنى ئايرىلاشتۇرۇپ سوۋارى ئۆۋۈلۈپ كەتكەن ھالەتتە چىقىرىپ بېرىدىكەن. مۇشۇ تەرىپى بىلەن بەكرەك ئېتىشىپ باقسام بولىدىغان ئوخشايدۇ. لېكىن شۇ... شۇ...

ئابلىز بىردەم تۇرىۋالغاندىن كېيىن چوققىسىدىكى غاڭزىسىدىن ئىس چىقىرىپ تاتاتلاۋاتقان كانايچى قوناق سوققۇچنىڭ بىر يەرلىرىنى تولغاپ ئوتىنى ئۆچۈردى، ئاندىن قولىنى قېقىپ ئالدىمغا كەلدى:

ـ شۇ دادا، بۇ بىر نېمىگە پوتونلەي تۆمۈر، سىم، زەنجىر، چىشلىق چاق، ماتور، بولتا دېگەندەك نەرسىلەرنى ئىشلىتىمىز. بۇلارنى رىمونت دۇكانلىرىدا ساتىدۇ دېگىنە دادا. خېلىدىن بېرى يېنىمدا تىقىپ ساقلاپ يىغقان پۇللىرىمنى بۇنىڭغا ئىشلىتىپ بولدۇم. ئەمدى دادا... شۇ مېنى ئازراق قوللاپ بەرسەڭ بوپتىكەن!... بەك بولمىسا ئۆتنە بېرىپ تۇر. مۇشۇنى ئىشقا كىرىشتۈرىۋالساملا يېزىمىزدىكىلەرنىڭ قوناقلىرىنى سوقۇپ بېرىپ پۇل تېپىپ ئاندىن قايتۇرۇپ بېرىمەن، قانداق؟

ـ ما كىسپۇرۇچنى تېخى!...، ـ دېدىم ئاچچىقىمغا پايلىماي ئۇزۇمنىڭ گەدىنىگە بىر شاپىلاق قويۇپ، ـ ئۆتۈپ ـ تېشىپ داداڭدىن پۇل ئۆتنە ئالسەن دەپ قوي!

لازىم دېسەڭ بولمامدۇ ئۇنداق قاملا شمغان گەپنى قىلىپ يۈرگىچە؟! قانچىلىك لازىم؟ مۇشـــۇ بىر نېمەڭ ھـازىرقىچىلىـك كـارغا كېلىدىغانلا بولسا، بوپتۇ، سەندىن ئايغان پۇلنى...

شـــۇنداق قىلىپ بۇ دېھقان ئىنژىنىر ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلىشـــىپ، بۇنى قوراشـــتۇرۇپ يۈرۈپ، ‹‹قـانــداق؟›› دېيـــە ‹‹ۋاي بەلەن!›› دېگىدەك نەرســـىدىن بىرنى ئىجاد قىلدى. دەسلەپتە بەك كۆڭۈلىشمەپتىمىز. بۇ بالا مەھەللىمىزدىكى بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ قوناقلىرىنى ئۇنىمغانىغا قويىماي سوقۇپ بېرىپ يۈرۈپ، قوناق سوقۇش ماشىنىسىنى ئوبدانلا تونۇشـــتۇرىۋالدى. باشـــتا يېزا رەھبەرلىرى، ئاندىن شەھەر رەھبەرلىرى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ئالايىتەن ئىزدەپ كېلىپ كۆرۈشكەنمۇ بولدى. شـــۇنداق قىلىپ، بالام ئابلىزنىڭ يېڭى كەشپىياتى بىلەن بىزنىڭ ئائىلە بىراقلا تونۇلۇپ كەتتى.

بۇ چاغدا باللارنىڭ چوڭى ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆرۈمچىدىكى شىنجاڭ ئونۋېرستىتى دەيدىغان

بىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىنىمغا ئۈچ يىل بولغان ئىدى. بۇ مەكتەپنىڭ ئىسمىنىمۇ بالىلارنىڭ تولا ھەجىلەپ ئۆگۈتۈشى بىلەن بەكلا جاپادا يادلىۋالغان ئىدىم. چوڭ ئوغۇلنى ئالىي مەكتەپكە يولغا سېلىپ بىر يىلدىن كېيىن، سىڭلىسى ئاسىيەم نەلەردە يۈرۈپ تېپىشىپ قالدىكىن تاڭ، ئادەم تېپىلمىغاندەك ياش ۋاقتلىرىمدا ئارمىنىنى يەپ، خىيالىمدىن نېرى قىلالماي، بىر مۇنچە سەتچىلىكلەرنىڭ بېشىمغا كېلىشىگە سەۋەبچى بولغان ھېلىقى گۆلجامالنىڭ ئوغلى بىلەن خۇۋالىشىپ قالىدىغان گەپ. بۇ گۆلجامالمۇ قاچانلاردا، نەلەردە يۈرۈپ ئەرگە تېگىۋالدىكىن تاڭ، بوش كەلمەي قىزىمنى ئالغىدەك ئوغۇلغا ئىشلەپ بوپتۇ. بىر كۈنى ئولتۇرسام چىرايىنىڭ ئۆڭسۈلى ئۆچكەن ھالدا ئانىسى شۇ گەپنى قىلىپ كىرىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ مېڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى.

- داداڭ قوشۇلمايدۇ دېمىدىڭلىمۇ ئاۋۇ كاللىسىنىڭ سۈيى لەپەڭشىپ قالغان قىز بالىغا؟ خۇدايىم توۋا! ھايالىق، ئوڭلۇق قىز

بالا بولدى دەپ سۆيۈنۈپ يۈرسەم كىچىككىنە تۇرۇپ نېمە خەق بىلەن يېتىلىشىپ يۈرۈيدۇ ماۋۇ قاشاڭ مۆرىمەس؟! ئانىسى بولغاندىكىن باشتىلا ياخشى تەربىيە قىلىدىغان ئىش ئەمەسمۇ ئانىسى؟ قىز بالا دېگەننى ئانىسى تەربىيەلەيدۇ دەپ كارىم بولمىغاننىڭ مۇكاپاتىمۇ بۇ ئەمدى؟ تېخى، چاھاندا باشقا ئادەم تېپىلمىغاندەك، ئۇدۇل بېرىپ شۇنى تېپىپتۇمۇ؟! نېمە ئاھانەت بۇ ئەمدى؟ ياش چاغدا ئۆزەم ئالالمىغان خوتۇنىمىڭ ئوغلىغا قىزىمنى بېرىپ قودا بولامدىكەنمەن؟...

- ۋۇيت ياسناخۇن! يامان بى دەپ كەتتىلە، ياش چاغلىرىدىكى ئوتلار ھېلىھەم ئۆچمىگەن ئوخشىمامدا؟ ھەجەپ بۇ كەم بولغاندا ساقالىنىڭ ئېقىنى ساناپ باقماي ياش چاغلاردىكى مۇھەببەتلىرىنى ئەسلەپ قاپتىلا، قارىغاندا قىزىنىڭ تېپىشقۇالغىنىدىن بەكرەك گۈلجامالنىڭ ئوتى...

- يۇمغىنە ئاغزىڭنى ۋىتىۋالاق! مەن نېمە كويدا، سەن نېمە كويدا؟ ھازىر دېگەن

ئۆتمۈشــــتىكى بىر كىملەردىن كۈنلەيدىغان چاغمۇ؟ قايســى زاماندا كەتتى ئۇ ئىشــلار. هازىر ما بالىنىڭ ئىشــىنى دەۋاتىمەن ســاڭا، ئىشقىلىپ مەن بۇ ئىشقا قوشۇلمايمەن. ئېنىق قىلىپ دەپ قوي ئاۋۇ جىن تەپكەن ســــاراڭ قىزىڭغــا! بۇ گەپنى ئىككىنچى كۆتۈرۈپ كىرگۈچى بولما!

- ماقۇل دادىسى، - دېدى نۇرنىسا چىراينى ۋىللىدە كۈلكە يۈگۈرتۈپ، - سىلىنىڭ ئاشۇ گۈلجامالخاننى كۆرۈپ قالماسلىقلىرى ئۈچۈن بولسىمۇ مەنمۇ بۇ ئىشقا قوشۇلمايمەن. ئېرىم بۇرۇنقى ئاشىقىنىڭ قۇدىسى بولۇپ، بېرىش - كېلىش قىلىپ يۈرســــە مەن چىدايمەنمۇ دەيســــلە؟! يەنە كېلىمىپ قىزىمىڭ ئوغۇللار بىلەن مەخپىي خۇۋالىشــــىپ يۈرگىنىنى مەنمۇ ئېغىر ئېلىپ قالدىم. ئاۋۋال مونۇ ئىشــــلارنى بىر بېسىقتۇرۇپ بولاي، ھېساۋىنى ئالىمەنغۇ تېخى بۇ جۇۋاينىمەكتىن.

- ۋوي، نېمە ئىش بولۇپ كەتتى بۇ؟ ســەن ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك چېغىڭدا مەن بىلەن تېپىشــىپ قېلىپ خۇۋالىشــىپ يۈرسەڭ گەپ

يوق، قىز بالىك بويىدا يېتىپ ئانىدىن خەق بىلەن خوۋالاشسا ئىغىر كەتتىمۇ؟ دېسەم ـ دېمىسەم ئىغىر كەتكىنى گۈلجامالنىڭ ئوغلى بىلەن تېپىشىپ قالغىنىغۇ تايىنلىق؟ قارا خوتۇن، بالىلارنىڭ توي قىلىپ بىللە ياشايدىغان ئادىمىنى ئۆزى تاللىغىنى يامان ئىش ئەمەس. چېكىدىن ئاشىماي، ھاياسىزلىق يولىغا كىرىپ قالماي، نام ـ نەسەبىنى، ئائىلىسىنىڭ شەنىنى بۇلغىۋالماي يارىشىغىدا ئۆتۈپ تۇرۇپ، شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە بىزلەرگە ئېيتىپ بىشىنى قوشىۋالغىنى ياخشى ئىش. بۇنىڭ ئۈچۈن ھېساپ ئېلىشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق. چىرايلىق تەربىيە قىلىپ، كۆتىمىدىغان ئۈمىدلىرىمىزنى بىلدۈرۈپ قويساڭ بولدى. خەق بىلەن تېپىشىۋاپسەن دەپ دۆشكەلەپ، كۆڭلىگە تېگىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن. قىز چوڭ بولسا ھامان ياتلىق بولىدۇ. ئۇنى بىر ئۆمۈر ئۆيدە ئېلىپ قالغىلى بولامتى؟ شۇڭا، بىللە ئۆتىدىغان ئادىمىنى ئۆزى تاللاپ، ئۆز نىكاھىغا ئۆزى رازىلىق بەرسۇن. ئەمما ماۋۇ

گۈلجامالخانىنىڭ ئوغلى بىلەن ئۈزۈلۈشۈپ كەتسۇن. بۇ ئىش قەتئىي قاملاشمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقىسى بولسا، كىمگە تېگىمەن دېسە مەيلى...

ـ ئوش... نېمىلا دېسە سەن كىچىك ۋاقتىڭدا، مەن كىچىك ۋاقتىمدا... دەپلا يۈرگەن. ئۆزلىرى چىقىپ دېسىلە ئەمسە. ھەجەپ بىر بالىنى ئۆزەم يالغۇز تېپىپ، ئۆزەم يالغۇز بېقىپ چوڭ قىلغاندەك نېمە ئىش بولسا ماڭا كايىيدىكەنا!؟ بالا ئۆزلىرىنىڭمۇ بالىسى، دادا بولغاندىكىن سىلىمۇ گەپ قىلىپ باقسىلا بىرەر قېتىم. ھېلىمۇ قۇچاقتىكى ۋاقتىدىن تارتىپ گەپ قىلىپ، تەربىيە قىلىپ ھېرىپ قالدىم مەن...

نۇرنىسا شۇنداق دەپ چىچاڭشىدى ۋە قولىغا ئالغان كۆرپىنى ئاچچىقى بىلەن يەرگە تاشلاپ قويۇپ ھويلىغا چىقىپ كەتتى. قارىغاندا بايا ئېرەنشىمەيلا دەپ سالغان گېپىمدىن رەنجىپ قالغان بولسا كېرەك، گېپىمنىڭ بىلىگە تېپىپ چالۋاقىدى. ئۇغۇ

مەيلى، لېكىن مەن دەيمەن، مۇشۇ ئاتا ـ ئانا بولماق نېمانچە تەستۇ؟ باللارنى مىلك بىر جاپادا بېقىپ، پوق ـ سۈيدۈكىدىن ئايرىپ چوڭ قىلىپ، قاتارغا قو شۇپ قويىسا، قېشـــى ئاپ تاپ كۆرۈپ بولغىچە بىرنى مىڭ گېپى مىز ئۆ تمەيــد ىكەن دە يە مىنـا بۇ شـۇمتەكلەرگە؟! بەكرەك گەپ قىلاي دېسە چىرايىنى شاخ جىجىۋەتكە ندەك سەت پۈرۈشتۈرۈپ، كۆزىنىڭ سۈيىنى چىقارغان. گەپ قىلمىسا مانا ھازىرقىدەك ئۆزىنىڭكىنى راست قىلىشقا ئارانلا تۇرغان. زادى رايىغا بېرىپ يامان ئۆگۈتۈپ قويۇپتۇق.

ئاسىيەمنى گۈلجامالخانىنىڭ ئوغلىغا بەرمەيمىز دەپ خېلى چىڭ تۇرىۋېلىپ باقتۇق. قىزغىمۇ ئانىسى جىق تەربىيە قىلدى، مەنمۇ نېمىلەرنى دېيىش ھەققىدە جېكىلەپ، ئانىسىنىڭ مېڭىسىنى قوچۇپ تۇردۇم. بىراق بىزنىڭ دېگىنىمىز يەنىلا ھېساپ بولمىدى. بىر كۈنى ماۋۇ مەزلۇم تەلەتىنى بوقىنىڭكىدەك قىلىپ پۈشۈلداپ كىرىپتۇ.

ـ قانداق قىلىمىز دادىسى؟ ئا قىز بالا... ۋاي تووۋا... شۇنداقمۇ قاشاڭ بولىدىكەن قىز بالا دېگەن، «بەرسەڭلا شۇ ئەسمەتۇللاھقا بېرىڭلار، بولمىسا ئۆلگۈچە توي قىلمايمەن ئۆيگە تۆۋرۈك بولىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن توي قىل دېسەڭلار سىلەرگە ئۆلۈپ بېرىمەن» دەيدۇ. خۇدايىم تووۋا دەيمەن دەھە؟ نەدە بۇنداق بىزەڭ قىز بالا بولىدۇ؟! ئىست، ئىست، ئىست... مۇشۇنداق سارالڭلىق قىلسۇن دەپ باققان بولغىيمىدىم؟...

ـ هاي ئۇنداق دېمەڭلا ئانىسى، كۈپرىلىق بولىدۇ. باققىنىڭلىغا مىننەت قىلغاندەك ئۇنداق گەپ قىلساڭلار قانداق بولىدۇ؟

ـ قانداق قىلىمەن ئەمىسە ئاشۇنداق دەۋاتسا؟ يا بىر دادىسى بولغان ئادەم قاپىقىنىڭ بېزىنى كۆرسىتىپ ئىككى ئېغىز گەپ قىلمىسا! بالىنى ئۆزەم يالغۇز تاپقاندەك مۇشۇنداق چاغدىمۇ ئادەمگە تاشلاپلا قويغان...

ـ ھەي بېشىڭغا قاغا ئۇۋۇلاپ قالغان پەلىپەتىش، مەن دېگەن ئەركىشى، دادا تۇرسام، خىجىل بولماي قىز بالىغا ئاشۇنداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرىمەنمۇ؟ مەنغۇ دەرمەن ماقۇل، ئاۋۇ قىز بالا نومۇستىن ئۆلەر شۇ گەپلەرنى مەن دەپ يۈرسەم؟

ـ ھە، بەك نومۇس قىلىدىغان بولسا تۇ. «تەگسەم شۇنىڭغا تېگىمەن» دەپ كۆزۈمنىڭ بالىسىدەك خانىشىغا قاراپ تۇرۇپ تاكاللىشىۋاتىدۇ مەن بىلەن. ھەي توۋا، نېمە بالاغا قالدىم بۇ خەقكە؟ ياش ۋاقتىمدا مەن كۆيدۈرۈپ قويغاندەك، «قىزىمنى بەرمەيمەن» دەپ ما ياقتا بىرسى تەڭلىككە سالسۇن، «ئا شۇنىڭغا تېگىمەن» دەپ ئا ياقتا بىرسى تەڭلىككە سالسۇن! جاق تويدۇمغۇ ئاخىر...

ئىشلار شۇنداق تالاش ـ تارتىشلار بىلەن ھەل بولماي كېتىپ باراتتى. بىزمۇ زامانىنىڭ كەينىدە قالغان بىچارە كاللىمىزنى ئىشلىتىپ يېڭى ئامال چارىلەرنى تېپىپ، بۇ

ئىككىسىنى ئايرىۋېتىش ئۈچۈن ھەلەك ئىدۇق.

بىر كۈنى ئاسىيەمنىڭ دوستى مۇنەۋۋەر كىرىپ بالىلارنىڭ ئانىسىغا ئاۋۇ گۈلجامالخاننىڭ ئوغلى ئەسەتۇللاھ دېگەن شۇمبۇيىنىڭ كىرگۈزگەن گېپىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۇ شۇم تېخى يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ:

ـ ماقۇل دەپ ئاسىيەم ئىككىمىزنى بىر ئۆيدە قىلىپ قويسۇن، ئەگەر بەك تاش چىشلەپ تۇرىۋالسا ئاسىيەمنى ئېلىپلا قاچىمەن، ئۇ چاغدا بېرەي دېسىمۇ يوق بولۇپ قالىدۇ. ئالىمەن دېدىمۇ، بەرسىمۇ، بەرمىسىمۇ چوقۇم ئالىمەن!›› دېگەنمىش. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان يېرىمدە بىر ھازاغىچە ئولتۇرۇپ كەتتىم. نېمە بولغىنىكىن تاڭ، شۇ گەپ چىققاندىن كېيىن ئاسىيەم كۆزۈمگە راستىنلا قېچىپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ‹‹قورققانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ›› دېگەن بەلكىم شۇ بولسا كېرەك، كۆزلىرىنىڭ كەينىدە يەنە بىر جۈپ كۆزى قېچىپ

كېتىشكە ئەپلىك پەيت ئىزدەپ يۆرگەندەك سىرلىق تۇيۇلۇپ، كۆزۈم شۇنىڭدىن نېرى بولمىدى. كۈندە ئاشۇنداق غەم تارتىپ، ئەندىشىلەردە ئۇيقۇم ئۇيقۇ، يېگىنىم تاماق بولماي جىلە بولۇپ كېتىپ باراتتىم. بىر كۈنى چۈشلۈك غىزاغا ئولتۇرساق بىر كۆك رەڭلىك موتوسىكلىت ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۇ ياقتىن بۇ ياققا ئۆتۈپ توختىماي سىگنال بەرگىلى تۇردى. ئۇنىڭ ئاسىيەمنى چاقىرىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ماۋۇ بىزنىڭ چىرايلىقمۇ يەپ ئولتۇرغان تامىقىنى ھېلى داستىخانغا قويۇپ، ھېلى قولىغا ئېلىپ، بەكلا بىئارام بولۇپ كەتتى. بىزدىن ھېيىقىپ يا ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقالمايدۇ. تالادىكى كۆتىدىن ئىس چىقىرىدىغان تۆمۈر كالا تېخى مۆرەپ ئارامىدا قويمايدۇ. بۇ ئىش جۇدۇنۇمنى ئۆرلىتىپ مىجەزىمنى بىراقلا سەپرا قىلىۋەتتى. شۇ ئاچچىقىمغا چىدىماي ئىككىسىنىڭ تويىغا رازىلىق بېرىۋەتتىم ـ دە، ئۆزەم ئالالمىغان خوتۇن بىلەن قۇدا بولۇپ قالدىم.

بالىلارنىڭ توينى قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۇرۇمچىدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چوڭ ئوغۇل ئابدۇسەمەت يەردىن ئۇنگەندەكلا پەيدا بولدى. تېخى يېڭىدا خويمىغىنا چىرايلىق، قاش - كۆزلىرى سىزىپ قويغاندەك قاملاشقان، بېشىدا ياغلىقى يوق، مايمۇننىڭ توكىدەك سارغۇچ چاچلىرىنى بىر تال قىلىپ بوغۇۋېلىپ، ئوغۇل بالىدەك ئىشتان مايكا كىيىۋالغان بىر قىزمۇ بار ئىدى. مانا كارامەت! يا تەتىل ئەمەس، يا بايراملىق دەم ئېلىش ئەمەس، بۇنداق بىر تايىن چا غدا خەۋەرلەندۈرۈپمۇ قويماي كېلىپ قاپتۇ، دەپ ھەيران بولۇپ تۇرسام، ئىشىنىڭ چوڭىنى چىقىرىپ ئاندىن يېنىپ كەلگىنى ئىكەن. بىرزىمنىڭ چا نابىي ئوغۇل ئىماۋۇ يېڭى زاماننىڭ چىرايلىقى بىلەن يېتىلىشىپ يۈرۈپ، بەڭۋاشلىق قىلىپ قورساقىغا ئۈندۈرۈپ قويغانىمىش. بىزمىغۇ يامان ھار ئالىمىز، مەكتەپ تۈزۈمىدىمۇ بۇنى بەكلا قاتتىق ھار ئالىدىغان ئوخشايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسىنىڭ كۆدە -

كۆرپىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، چىرايلىق يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. قىزنىڭ ئىسمى چىمەنگۈل بولۇپ، ھازىرقى ئەھۋالىدىن ئاتا - ئانىسىنىڭ خەۋىرى يوق ئىكەن. بۇ ھالەتتە ئۆيگە بارسا دادىسى تىرىك قويماسمىش. شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ ئارزۇلۇق قەھرىمان بۇ قىزنى «ئالىمەن» دەپ يېتىلەپ ئەكەپتۇ. ئازلاپ - ئامانلاپ بېقىپ چوڭ قىلىپ، مىلك بىر جاپادا ئوقۇتقان بالام مانا مۇشۇنداق دىپلوم ئورنىغا خوتۇن قولتۇقلاپ كەلدى. ئىشتىن خەۋەر تاپقان نۇرنىسا ھېلى ئۆزىنى، ھېلى مېنى، ھېلى بالىنى تىللاپ يۈرۈپ نەچچە كۈن يىغلاپ - قاخشاپ چىقتى. لېكىن بولغۇلۇق بولۇپ بولغاندا قانداق قىلغىلى بولاتتى؟!

ئۇنىمايلى دېسەك ئەھۋال مۇشۇ، ئۇنايلى دېسەك بۇ قىز باشقا يۇرتتىن، يەنە كېلىپ بىزنىڭ تائىپىگە يات ھالەتتە ياغلىق - كۆڭلەك سىز. خۇدايىم توۋا قىلماساق بىكار! قىز خۇددى بىزنىڭ بالىغا تەگمەي ئۆلۈپ كەتسە يەرلىك چىقماي گۆرسىز قالىدىغاندەك

شۇ قەدەر يالۋۇرۇپ كەتتىكى، نەچچە يىل بۇرۇن قازا قىلىپ كەتكەن دادامنىڭ تۇپراق بېشىغا چىقىپ يىغلىغان بولسىمۇ رەھمەتلىك داداممۇ چىدىماي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكۈدەك دەرىجىدە ئېزىلىپ يىغلاپ كەتتى، ھەتتا نەچچە كۈنگىچە باللارنىڭ ئانىسىغا سۆۋۈنۈپ، ئۇ ياقتىن ھەيدىسە بۇ ياقتىن بېقىنىغا كىرىۋېلىپ، ئىشلىرىغا تەڭ ياردەملىشىپ، تىللاپ - سىلكىشلىسە بېشىنى سېلىۋېلىپ يۈرۈپ ئاخىرى بۇ خوتۇننى ئۆزگە مايىل قىلىۋالدى. ئابدۇسەمەتمۇ بىزنى يۇمشتمەن دەپ خېلى كۈچىدى. ئاخىرى تەقدىرگە تەن بېرىپ، بۇ ئىككىسىنىڭ توينى قىلىپ قويىدىغان بولدۇق. ئەمما قىزنى بېشىغا ياغلىق چىگىپ، ئوغۇللار كىيىدىغان ئۇنداق ئىشتاننىڭ ئورنىغا بىزنىڭ ئاياللىرىڭكىدەك كۆڭلەك - يوپكىلارنى كىيىپ، مۇسۇلمانچە يۈرۈش شەرتى بىلەن قوبۇل قىلىدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ ماقۇل كەلتۈردۇق. ھەر ئىككىسىنىڭ ئوقۇشى

مۇشۇنداق ئاياغلاشقان، بەڭۋاشلىقى تۈپەيلى
ئىستىقبالى ۋەيران بولغان بولسىمۇ، ئۇلار
هامان ياشىشى كېرەك ئىدى. يەنە كېلىپ
ۋاقىت ئۆتكەنسېرى قۇرساقتىكى بالا
چوڭىيىپ كەتسە، كېيىن بىزگىمۇ، قىزنىڭ
ئائىلىسىدىكىلەرگىمۇ، ئىككى بالىغىمۇ
ياخشى ئەمەس ئىدى. شۇڭا تېزلىكتە
تۇتۇش قىلىپ، قىزنى ئېلىپ، ئۇنىڭ يۇرتى
بولغان غۇلجىغا ئەلچىلىككە باردۇق.
تەرەققىيات دېگەن ئاجايىپ بىر ئىش
ئىكەنكى، بىز كىچىك چاغلاردا كۆرۈپمۇ
باقمىغان، كېيىنچە ھۆكۈمەت كادىرلىرى
بىلەن تەڭ يۇرتىمىزدا پەيدا بولغان،
ئۇنىڭدىن كېيىن يۇرتىنىڭ ئاۋاتلىشىشىغا
ئەگىشىپ كۈنسايىن ئاۋۇپ بارغان ئاپتۇبۇس
دەيدىغان ئۇزۇن ماشىنا بىلەن ئاللەمنىڭ ئۇ
چېتىدىكى غۇلجا دېگەن يۇرتقا نەچچە
كۈندە يېتىپ باردۇق. كىچىك چاغلاردا بىر
دانە شەيتان چاقلىق ۋېلىسىپىتكە ھەيران
بولۇپ ئاغزىمىز كاماردەك قالغان بولسا، مانا

ھازىر ئۇنىڭدىنمۇ كاتتا قاتناش قوراللىرىدا مېڭىۋاتاتتۇق.

قىزنىڭ دادىسى ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۇچىيگە كېپەك ئورناپ قالغاندەك چىڭقىلىپ، خۇدايىم بەرگەن ئاچچىقىنىڭ ھەممىنى يىغىپ تۇرۇپ ‹‹ئۆيىدىن چىق! مېنىڭ سەندەك قىزىم يوق!›› دەپ ۋارقىراپ، ھەممىزگە تالانى كۆرسىتىپ قويدى. ئانىسىمۇ چىڭگىلىكتەك بىر تۇتام چېچىنى چوقىسىغا قوندۇرۇۋالغان ياغلىقىسىز بېشىغا پاققىدە بىرنى ئۇرۇپ جايىدا ئولتۇرغىنچە مۇزايىنىڭكىدەك مۆڭلۈق ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ ھۆكرەپ يىغلىغىلى تۇردى. ئايال بىز ئۆيگە كىرگەندىمۇ يالاڭباش بولۇپ، داستىخان سېلىپ چاي دەملىگىچىمۇ، ئۇ ياق - بۇ ياقلاردىن پاراڭ سوقۇشۇپ، گەپ ئەگىتىپ يۈرۈپ كېلىشتىكى سەۋەبىمىزنى ئوتتۇرىغا قويغىچىمۇ ئۆي ئىچىدە ياغلىقسىزلا يورغىلاپ يۈردى. بۇ ئايالنىڭ ئوتتۇرا ياشقا بېرىپ قالغىنىغا قارىماي، بىزنىڭ ئالدىمىزدىمۇ ياغلىقسىز

هالەتتە گىلدىڭلاپ يۈرگىنىگە قارىغاندا مۈشۈ ئۆمرىدە بىشىغا ياغلىق چىقىپ باقمىغاندەك ئىدى. ئانىسىنىڭ شۇنداقلىقىغا قارىغاندا قىزىنىڭ يالاڭباشلىقىدىن بەك ئاغرىنىپ كەتمىسەكمۇ بولىدىغاندەك قىلاتتى. دېمەك، ئانىسى قانداق بولسا قىزىمۇ شۇنداق بولىدىغان گەپكەن.

ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ يۈرۈپ بۇ ئىككىسىنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويدۇق. كېينچە چاققانغىچە بىر دۇكانمۇ ئېچىپ بەردۇق. ئوغلىمىزمۇ ھەر هالدا چالىسى پۈتمەي قالغان ئالىي مەكتەپ هاياتىدا خېلى بىر نېمىلەرنى ئۆگەنگەن بولسا كېرەك، رەسىمچىلىك دۇكىنىنى خېلى ئوبدانلا ئاينىتىپ، تۇرمۇشىنى گۈلدەك ئۆتكۈزۈپ كەتتى. كېلىنىمىزمۇ ئېرىنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ يۈرۈپ بىزنى خاتىرجەم قىلدى.

ئوغلۇمنىڭ كىچىككى ئۆزىنىڭ تۆمۈر - تەستەكلىرى بىلەن ئاۋارە. ئەڭ كىچىكى ئاتىكەمنىڭ ئوقۇشتىكى نەتىجلىرى ئالاھىدە

ياخشى بولۇپ، ئۇمۇ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشتى ھەم بۇ ئىمتىھاندىن بىرىنچى بولۇپ ئۆتۈپ، ۋىلايەت بويىچە ئەلىيۇلئەلا بولدى. ئۇنىڭغىمۇ ئۈرۈمچى دېگەن يەردىن چاقىرىق كەلدى. ئانىسى ئىككىمىز چوڭ ئوغۇل بىلەن كېلىنىمىزنىڭ ‹‹ئىلغار›› ئىش - ئىزلىرىنىڭ قايتا تەكرارلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭ ئوقۇشقا بېرىشىغا قوشۇلمىدۇق. قىزىمىز يىغلاپ، قاخشاپ، تاماق يېگىلى ئۇنىماي ساراڭلىق قىلىپ بىر شىمىزنى ئوچاق ئەتتى. ئاكا - ئاچىلىرى ئۇنىڭغا بولۇشۇپ، جاھاندا بارلىكى گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى دەپ يالۋۇرۇپ چىقىشتى، چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭغا ۋاكالەتەن تۈرلۈك - تۈمەن ۋەدىلەرنى بېرىشىپ مېڭىمىزنى قوچۇۋەتتى. بىراق بىزمۇ باشتىكى ئىرادىمىزدە چىڭ تۇرۇپ، بۇ ئوقۇش ئىشىغا ئاخىرىغىچە قارشى تۇرىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈشتۇق.

لېكىن ئاتىكەمنىڭ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۇدا نەچچە كۈن ئۆيىمىزگە كېلىپ بىزگە

چۈشەندۈرۈپ خىزمەت ئىشلىسى، يالغۇزلۇقنىڭ بىلەن ئاخىرى ئۇنىڭ ئوقۇشىغا قوشۇلدۇق. ئۇ ئۈرۈمچىدىكى ئوقۇشىنى پۈتتۈرۈپ، دۆلەت ئاتلاپ ئوقۇيدىغان بىر ئىمتىھانغا قاتناشقانلىقىنى ئېيتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا تۈركىيە دەپ بىر يەرگە بارىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بەردى. چۈشىنەمتۇق ئۇنداق گەپلەرنى؟ ئاكىلىرى بىلەن ئاچىلىرى بىلىدۇ. ئىشقىلىپ ھازىرمۇ تۈركىيە دېگەن شۇ دۆلەتتە ئوقۇيدۇ. يىلدا بىر قېتىم كېلىپ بىز بىلەن كۆرۈشۈپ، بىرەر ئايچە تۇرۇپ كېتىدۇ. توي قىلىدىغان يېشىدىن ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى، ئەمما ئوقۇشى تېخى بارمىش. ئوقۇشىغا كېتىدىغان پۇل بولامدۇ، تۇرمۇشتا خەجلەيدىغىنى بولامدۇ، كىرالىرى بولامدۇ، ھەممىسى ئاكىلىرىدىن. ئاكا ـ ئاچىلىرىمۇ بۇ ئىشلارغا بىزنى ئارىلاشتۇرمايدۇ.

بايانلىرىمنى مۇشۇ يەردە توختىتاي. ئىشقىلىپ ئائىلىمىزگە تەۋە بولغان بارلىق كەچۈرمىشلەردىن خەۋەر تاپتىڭىز. باشتا

ئېيتقىنىمدەك، بىزنىڭ ئائىلە مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپلىككە تولغان ئىنتايىن بەختلىك ھەم مېھىر - مۇھەببەتلىك ئائىلە. ئىلاھىم بارلىق ئائىلىلەرگە مانا مۇشـــۇنداق بەخت - ســـائادەت ۋە مېھىر - مۇھەببەت يار بولسۇن!

تۈگىدى!

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن گۇرۇپپىسى

www.yanghin.net

www.yanghin.cn

admin@yanghin.net